مَبْعَثٌ ج مَبَاعِثُ: سەۋەب ئامىل.

شَعْرٌ مُبَعْثَرٌ: قالايمىقان چۇۋۇق چاچ.

جَهْدٌ مُبَعْثَرٌ: قۇرۇق تىرىشچانلىق، بىكار تىرىشچانلىق.

تَرَكَ كُتُبَهُ مُبَعْثَرَةً فِي غُرْفَتِهِ: كىتابلىرىنى خانىسىغا چېچىلاڭغۇ تاشلاپ قويدى.

«إِنَّ مُقَاوَمَةَ الْآفَةِ بِهَذَا الْجَهْدِ الْمُبَعْثَرِ لَا تُجْدِي نَفْعًا»: ئاپەتكە بۇنداق قۇرۇق تىرىشچانلىق بىلەن قارشى تۇرۇش ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ.

مَبْعَرٌ: مەقئەت، سوڭ.

مُبَعْزِقٌ: ئىسراپخور.

مَبْعُوثٌ ج مَبْعُوثُوْنَ: ئەۋەتىلگۈچى، ئەلچى، خاس ۋەكىل، ئەۋەتىلگەن.

«يَقُوْمُ مَبْعُوثُ الرَّئِيْسِ الْمِصْرِيِّ بِزِيَارَةِ عَدَدٍ مِنَ الدّوَلِ الْإِسْلَامِيَّةِ لِلْبَحْثِ فِي مَوْضُوْعِ إِنْهَاءِ حَرْبِ الْخَلِيْجِ»: مىسىرنىڭ رەئىسى ئەۋەتكەن ۋەكىل پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى تۈگىتىش يولىدا ئىزدىنىش ئۈچۈن بىرقانچە ئىسلام دۆلىتىنى زىيارەت قىلماقتا.

مَجْلِسُ الْمَبْعُوْثِيْنَ: تۆۋەن پالاتا، ئاۋام پالاتا.

مُبْغَضٌ: دۈشمەن، يىرگىنچلىك، ئۆچ كۆرىستىلگەن، دۈشمەن تۇتۇلغان.

مَبْغُوْضٌ: ئۆچ كۆرىستىلگەن، دۈشمەن تۇتۇلغان.

مَبْقَلَةٌ ج مَبَاقِلُ: كۆكتاتلىق، سەيلىك.

مَبْقِيٌّ: قالدۇرۇلۇپ قېلىنغان، داۋاملاشتۇرۇلغان.

مِبْكَارٌ: سەھەر تۇرىدىغان ئادەم.

مُبَكِّرًا: ئەتىگەن، ئەتىگەندە، سەھەردە.

نَمْ مُبَكِّرًا وَانْهَضْ مُبَكِّرًا: بالدۇر ئۇخلاپ، بالدۇر تۇر.

الْوَقْتُ مَا زَالَ مُبَكِّرًا: ۋاقىت يەنىلا بالدۇر.

مَبْكًى ج مَبَاكٍ: يىغلايدىغان جاي.

مُبْكٍ: يىغلاتقۇچى، رەنجىتكۈچى، قاقشاتقۇچى.

مَبْكِيٌّ: يىغلانغان، تەزىيە بىلدۈرۈلگەن.

مُبَلْبَلٌ: ئالاقزادە، ئەنسىز، قالايمىقان.

مِبْلَغٌ: قارنى يامان.

مَبْلَغٌ ج مَبَالِغُ: مىقدار سان، دەرىجە؛ پۇل سانى؛ مەبلەغ؛ ئۆلچەم، دائىرە، رامكا.

«بَلَغَ مِنِّي التَّعَبُ مَبْلَغَهُ»: قاتتىق چارچاپ كەتتىم.

مَبْلَغُ عِلْمِهِ: ئىلمىنىڭ دەرىجىسى.

مُبَلِّطٌ: تاش ياتقۇزغۇچى.

مُبَلَّطٌ: تاش ياتقۇزۇلغان، تاش ياتقۇزۇلغان يول.

أَرْضِيَّةٌ مُبَلَّطَةٌ: گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلغان يەر، تاش ياتقۇزۇلغان يول.

مُبَلِّغٌ: خەۋەر يەتكۈزگۈچى، ئۇقتۇرۇش قىلغۇچى، تەبلىغ قىلغۇچى، پاش قىلغۇچى.

مُبَلَّغٌ عَنْهُ: يەتكۈزۈلگەن، خەۋەر قىلىنغان؛ پاش قىلىنغان.

مُبَلَّلٌ: نەم، نەمخۇش.

لَا تَعْرِضْ نَفْسَكَ لِلْهَوَاءِ فَجِسْمُكَ لَا يَزَالُ مُبَلَّلًا بِالْعَرَقِ:

تەرلىگەندە ئۇزۇڭنى شامالداتما.

مَبْلُوْلٌ: نەم، نەمخۇش.

مَبْنًى ج مَبَانٍ: قۇرۇلۇش، بىنا، ئىمارەت.

مَبْنَى التَّدْرِيسِ: ئوقۇتۇش بىناسى.

مَبْنَى الإِدَارَة: مەمۇرىي بىنا.

مَبْنَى السَّكْنَى: ياتاق بىناسى.

مُنْذُ الْقِدَمِ وَالنُّقَّادُ يُفَكِّوْنَ الْعَمَلَ الْأَدَبِيَّ إِلَى عُنْصُرَيْنِ أَسَاسِيَّيْنِ: الْمَبْنَى وَالْمَعْنَى: قەدىمدىن تارتىپ ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئەدەبىيات ئەسەرنى قۇرۇلما شەكلى ۋە مەزمۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاساسقا بۆلىدۇ.

«مِنْ مَبَانِي الْجَامِعَةِ الَّتِي تَلْفِتُ النَّظَرَ وَتَدْعُوْ إِلَى الْأَعْجَابِ مَبْنَى الْمَكْتَبَةِ الْمَرْكَزِيَّةِ»: ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان بىنالىرىدىن بىرى باش ئىشخانا بىناسىدۇر.

مَبْنِيٌّ: بىنا قىلىنغان، قۇرۇلغان، سېلىنغان.

مُبْهِجٌ: خۇشاللاندۇرغۇچى، شادلاندۇرغۇچى.

مَبْهَجَةٌ ج مَبَاهِجُ: خۇشاللىق.

مَبَاهِجُ الْحَيَاةِ: تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى.

ضَوْءٌ مُبْهِرٌ: كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈچلۈك نۇر.

مُبْهَرَجٌ: سۆلەتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، سۆلەتۋاز.

مُبْهَمٌ ج مُبْهَمَاتٌ: مۇجمەل، تۇتۇق، چۈشىنىكسىز، غۇۋا.

مُبْهَمٌ غَامِضٌ: پەمسىز، پاراسەتسىز.

عَدَدٌ مُبْهَمٌ: مۇجمەل سان.

مُبْهَمٌ مِنَ الْكَلَامِ: تۇتۇق سۆز، مۇجمەل سۆز، چۈشىنىكسىز سۆز.

يَتَكَوَّنُ لَدَيْنَا أَحْيَانًا إِحْسَاسٌ مُبْهَمٌ تَجَاهَ بَعْضِ الْمَوَاقِفِ: بەزى مەيدانلارغا قارىتا گاھى بىزدە مۇجمەل تۇيغۇ شەكىللىنىدۇ.

الْأَسْمَاءُ الْمُبْهَمَةُ (فِي النَّحْوِ): "اِسْمُ الْإِشَارَاتِ، اِسْمُ الْمَوْصُوْلِ" ۋە ضَمَائِرُ لارغا قارىتا ئىيتىلىدۇ.

مَبْهُوْتٌ: ھەيران قالدۇرۇلغان، ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇلغان.

مَبْهُوْرٌ: دەم سىقىلغان، زىققە.

مَبْهُوْرُ الْأَنْفَاسِ: نەپسى سىقىلىپ، تىلى ساڭگىلاپ قالدى.

مِبْوَلَةٌ ج مَبَاوِلُ: سۈيدۈك قاچىسى؛ كىچىك تاھارەت قىلىدىغان جاي؛ ھاجەتخانا.

مَبْوَلَةٌ: ئىدرارنى ھەيدىگۈچى؛ ئىدرارنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورا.

مُبَوَّبٌ: تۈرلەرگە بۆلۈنگەن، تۈرلەنگەن، بابلارغا بۆلۈنگەن.

«حَصَلَ عَلَى وَظِيْفَةٍ عَنْ طَرِيْقِ الْإِعْلَانَاتِ الْمُبَوَّبَةِ بِالصَّحِيْفَةِ»: ئۇ گېزىتتە مەخسۇس ئېلان بېرىش ئارقىلىق، خىزمەت تاپتى.

مَبِيْتٌ: تۈرالغۇ، قونالغۇ.

مُبِيْدٌ: ھالاك قىلغۇچى، يوقاتقۇچى.

مُبِيْدُ الْحَشَرَاتِ: ھاشارات يوقاتقۇچى دورا.

مَبِيْضُ الْأُنْثَى ج مَبَائِضُ: تۇخۇمدان؛ گۈل تۈگۈنچىكى.

مُبَيْطِرٌ: مال دوختۇرى؛ ئۇلاغ تاقىلىغۇچى.

مَبِيْعٌ ج مَبِيْعَاتٌ: سېتىلغان نەرسە، سېتىۋېتىلگەن نەرسە.

الْمُشْتَرَيَاتُ وَالْمَبِيْعَاتُ: سودا-سېتىق تاۋارلىرى.

تَحَقَّقَ وَاشِنْطُنْ رَقْمًا قِيَاسِيًّا لِمَبِيْعَاتِ الْأَسْلِحَةِ: ۋاشىنگىتون قورال-ياراغ سېتىشتا رېكورت ياراتتى.

إِدَارَةُ الْمَبِيْعَاتِ: سودا-سېتىق ئورگىنى.

مُبِيْنٌ: ئاشكارا، ئېنىق، زاھىر بولغان، روشەن، كۆرۈنەرلىك.

الْكِتَابُ الْمُبِيْنُ: قۇرئان كەرىم.

«يُعْتَبَرُ الْقُرْآنُ أُنْمُوْذَجَ الْكَلَامِ الْمُبِيْنِ»: قۇرئان

روشەن سۆزلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر.

مُبَيَّضَةٌ: ئاقارتىلغان.

مَتَابٌ: تەۋبە قىلماق، يامان ئىشلاردىن يانماق.

مُتَابَعَةٌ: بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ، ئارقىمۇئارقا، ئۈزلۈكسىز.

مُتَاحٌ: پۈتۈلگەن، پۈتۈلۈپ كەتكەن، ئېرىشكىلى بولىدىغان.

مُتَاخِمٌ: .... بىلەن چېگرىداش.

مُتَارَكَةٌ: ۋاقىتلىق سۈلھى تۈزمەك، ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق كېلىشىم تۈزمەك.

مَتَاعٌ: پايدىلانماق، بەھرىمەن بولماق.

«مَتَاعُ الْعَيْنِ بِالْمَنَاظِرِ الْجَمِيلَةِ»: گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆزنىڭ بەھرىمەن بولۇشى.

مَتَاعٌ ج أَمْتِعَةٌ: ئالتۇن-كۈمۈشتىن باشقا مال-مۈلۈك.

سَقَطُ الْمَتَاعِ: كېرەكسىز نەرسە، قىممىتى يوق نەرسە، تاشلاندۇق نەرسە.

أَمْتِعَةُ الْبَيْتِ: ئۆي سايمانلىرى.

«الْأَمْتِعَةُ الشَّخْصِيَّةُ»: شەخسىي مال-مۈلۈك.

مَتَانَةٌ: پۇختىلىق، مۇستەھكەملىك؛ ئەنجۈرلۈك، ئەنجۈرلۈك باغ.

مَتَاهَةٌ ج مَتَاهَاتٌ: سىرلىق ئورۇن، تىلسىمات ئورۇن، ئېزىتقۇلۇق جاي، ئادىشىپ قالىدىغان يول.

مُتَآمِرٌ: سۇيىقەستچى.

مُتَأَبٍّ: ئالىيجاناب ۋىجدانلىق.

مُتَأَبِّرٌ: ئاتىلىق.

مُتَأَثِّرٌ: تەسىرلەنگۈچى.

مُتَأَجِّجٌ: يېنىپ تۇرغان.

شَوْقٌ مُتَأَجِّجٌ: قاتتىق سېغىنىش.

مُتَأَخِّرٌ: كېچىككۈچى.

مُتَأَخِّرٌ فِي الْآرَاءِ: ئەكسىيەتچىل، قالاق.

«جَاءَ فِي وَقْتٍ مُتَأَخِّرٍ مِنَ اللَّيْلِ»: تۈن كېچىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا كەلدى.

رَجَعْتُ إِلَى الْبَيْتِ مُتَأَخِّرًا جِدًّا: ئۆيگە ناھايىتى كېچىكىپ قايتتىم.

«الْأَقْطَارُ الْمُتَأَخِّرَةُ أَوِ الْمُتَخَلِّفَةُ صِنَاعِيًّا تُسَمَّى الْيَوْمَ بِالْأَقْطَارِ النَّامِيَةِ»: سانائەتتە ئارقىدا قالغۇچى ياكى قالاق ئەللەر بۈگۈن تەرەققىي تېپىۋاتقان ئەللەر دەپ ئاتىلىدۇ.

مُتَأَخِّرَاتٌ: قالدۇق سان.

دَفَعَ مَا عَلَيْهِ مِنْ مُتَأَخِّرَاتٍ مَالِيَّةٍ: ئۇ مالىيىنىڭ زىممىسىدە قېپقالغان قىسمىنى بەردى.

مُتَأَدِّبٌ: بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، ئەدەپلىك.

مُتَأَسِّفٌ: ئەپسۇسلانغۇچى، نادامەت چەككۈچى.

أَنَا مُتَأَسِّفٌ جِدًّا: مەن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن، كەچۈرۈم سورايمەن.

مُتَأَصِّلٌ: مۇستەھكەم ئورناشقان، چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

عَدَاوَةٌ مُتَأَصِّلَةٌ: كونا ئاداۋەت.

مُتَأَكِّدٌ: مۇستەھكەملىگۈچى، پۇختىلىغۇچى، تەكىتلىگۈچى.

مُتَأَكِّدٌ مِنْ كَذَا: ئىشەنچلىك.

مُتَأَلِّقٌ: پارلاق، نۇرلۇق، نۇر چاچقۇچى، شانلىق.

مُتَأَنِّقٌ: كۆڭۈل قويغۇچى، ئېتىبار بىلەن قارىغۇچى.

مُتَأَنٍّ: ئالدىرىماي، بىمالال، كۈتۈپ تۇرغۇچى، تەمكىن، ئېغىر-بېسىق، سوغۇق قان.

مُتَأَنِّيًا: ئالدىرىماستىن.

مُتَبَادَلٌ: ئالماشتۇرغان نەرسە، ئۆزئارا ئالماشتۇرغان.

مُسَاعَدَةٌ مُتَبَادَلَةٌ: ئۆزئارا ھەمكارلىشىش.

مُتَبَاهٍ: ماختانچاق، تەكەببۇر.

مُتَبَايِنٌ: ئوخشىمايدىغان؛ قارىمۇقارشى.

هُنَا آرَاءٌ مُتَبَايِنَةٌ بَيْنَكُمَا حَوْلَ تِلْكَ الْمَسْئَلَةِ:

ئىككىڭلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى كۆز قارىشىڭلار تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

مُتَبَلٌ ج مُتَبَلَاتٌ: دورا-دەرمەك، خۇش پۇراق نەرسىلەر سېلىنغان تاماق.

مُتَبَحِّرٌ: كەڭ مەلۇماتلىق، چوڭقۇر بىلىملىك.

مُتَبَذِّلٌ: ئەركىن، كەلسە-كەلمەس يۈرىدىغان ئادەم، سۈپىتىنى ساقلىمايدىغان.

مُتَبَذَّلٌ: كونا، كۆپ ئىشلىتىلىدىغان.

مُتَبَرْبِرٌ: ياۋايىلىق، ۋەھشىيلىك.

مُتَبَرِّمٌ: زېرىككۈچى، بىزار بولغۇچى، مالال بولغۇچى.

هَزَّ رَأْسَهُ مُتَبَرِّمًا: تاقەتسىزلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

مُتَبَطِّلٌ: ھورۇن، يالقاۋ.

مُتَبَقٍّ: ئارتۇق، قالدۇق.

مُتَبَلِّدٌ: دۆت، كالۋا، بوشاڭ.

«كَانَ هَذَا الشَّخصُ مَعْرُوفًا بِظِلِّهِ الثَّقِيلِ وَحِسِّهِ الْمُتَبَلِّدِ»: بۇ ئادەم ئىش خۇشياقماسلىقى ۋە دۆتلۈكى بىلەن مەشھۇر.

مَتْبَنٌ ج مَتَابِنُ: سامانلىق.

مُتَبَنًّى: بېقىۋالغان بالا.

مَتْبُوعٌ: باشلىق، رەھبەر، تەۋە قىلغۇچى.

مَتَّ يَمُتُّ مَتًّا: سوزدى، ئۇزارتتى، داۋاملاشتۇردى.

«مَتَّ إِلَيْهِ بِقَرَابَةٍ»: مۇناسىۋەت باغلىدى، ئالاقە باغلىدى، ئۇرۇق-تۇغقان بولدى.

«يَمُتُّ إِلَيْهِ بِأَقْرَبِ الصِّلَةِ»: ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن.

«لَا يَمُتُّ إِلَى الْحَقِيقَةِ بِصِلَةٍ»: ھەقىقەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

مُتَتَابِعٌ: ئۇدا، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز.

«مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ خُبْزِ شَعِيرٍ يَوْمَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ حَتَّى قُبِضَ» «حديث»: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر رەسۇلۇللا ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، ئۇدا ئىككى كۈن ئارپا نېنىغا تويغان ئەمەس.

مُتَتَالٍ: ئۈزلۈكسىز، ئارقىمۇئارقا، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى.

لَقَدْ سَافَرَ بِالْقِطَارِ يَوْمَيْنِ مُتَتَالِيَيْنِ لِذَا يَبْدُو مُتْعَبًا: ئۇ پويىزدا ئۇدا ئىككى كۈن ماڭدى، شۇڭا چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ.

مُتَّئِسٌ: ئۈمىدسىز، روھى چۈشكۈن، ئۈمىد ئۈزگۈچى، ئۈمىدسىزلەنگۈچى.

مُتَّبَعٌ: ئادەتتە قوللىنىدىغان، ئادەتتە ئىشقىۋاتقان، ھەممە قوبۇل قىلغان؛ كەڭ تارالغان.

مُتَتَرِّكَةٌ: تۈركشۇناس.

مُتَّحِدٌ: بىرلىككە كەلگۈچى.

مُتَّحِدُ الْإِتِّجَاهِ: نىشانى بىر.

جَبْهَةٌ مُتَّحِدَةٌ: بىرلىكسەپ.

الْأُمَمُ الْمُتَّحِدَةُ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

الْوِلَايَةُ الْمُتَّحِدَةُ: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى.

الْإِمَارَاتُ الْعَرَبِيَّةُ الْمُتَّحِدَةُ: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى.

مُتَّزِنٌ: تۈلچەملىك، تەكشى، تەڭپۇڭ، بالانس.

سَارَ بِخُطًى مُتَّزِنَةٍ: تەكشى قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

مُتَّسِخٌ: پاسكىنا، مەينەت.

مُتَّسِعٌ: كەڭتاشا، كەڭ جاي.

أَمَامَ دَارِهِ مُتَّسَعٌ مِنَ الْأَرْضِ: ئۆينىڭ قورۇسى ئالدىدا كەڭ جاي بار.

إِذَا كَانَ عِنْدَكَ مُتَّسَعٌ مِنَ الْوَقْتِ فَدَعْنَا نَتَجَاذَبُ أَطْرَافَ الْحَدِيثِ: بوش ۋاقتىڭ بولسا بىز كەڭرەك پاراڭلىشايلى.

مُتَّسَقٌ: تىزىق، رەتلىك، تەرتىپلىك، ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

كَلَامٌ مُتَّسِقٌ: رەتلىك سۆز.

أَلْحَانٌ مُتَّسِقَةٌ: رىتىملىق ئاھاڭ.

مُتَّصِلٌ: ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق، كەينى-كەينىدىن.

ضَمِيرٌ مُتَّصِلٌ: ئۇلىنىپ كېلىدىغان ئالماش.

مُتَّصِلٌ بِكَذَا: يېقىن، ياندىش، يېنىدا، تۇتاش.

مُتَّضِحٌ: ئوچۇق، ئاشكارا، ئېنىق.

مَتَّعَ يُمَتِّعُ تَمْتِيعًا بِالشَّيْءِ: مەنپەئەتدار قىلدى، بەھرىمەن قىلدى، مەنپەئەت يەتكۈزدى، پايدا يەتكۈزدى.

مَتَّعَ الشَّيْءَ: سوزدى، ئۇزارتتى؛ داۋاملاشتۇردى.

مَتَّعَهُ اللهُ: ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن!

مَتَّعَ بَصَرَهُ / عَيْنَيْهِ بِالْمَنَاظِرِ الطَّبِيعَةِ الْخَلَّابَةِ: كۆزىنى مەپتۇن قىلارلىق مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلاندۇردى.

مَتَّعَ الْمُطَلَّقَةَ: نىكاھىدىن ئاجراشقان ئايالغا بېرىلىدىغان نەرسە (مۇتئە)نى بەردى.

مُتَّفِقٌ: بىردەك، بىرلىككە كەلگۈچى، ئىتتىپاقلاشقۇچى، ئۇيغۇن، بىردەكلىك.

مُتَّفَقٌ: مۇۋاپىق، قوبۇل قىلىنغان، بىرلىككە كەلگەن، بىر قارارغا كېلىشكەن.

مُتَّقِدٌ: يانغۇچى، كۆيگۈچى، يېقىلغۇ.

مُتَّقِنٌ: پۇختا ئىشلىگۈچى.

مُتَّقٍ (الْمُتَّقِي): تەقۋادار، دىيانەتلىك.

﴿وَالَّذِي جَاءَ بِالصِّدْقِ وَصَدَّقَ بِهِ أُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ﴾ «قۇرئان»: راست سۆز (يەنى قۇرئان)نى ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر.

مُتَّكِأٌ ج مُتَّكِئُونَ: يۆلەنگۈچى، تايانغۇچى.

﴿مُتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە يۆلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

مُتَّكَأٌ ج مُتَّكَآتٌ: ساپا، يۆلەنچۈك ئورۇندۇق.

﴿وَأَعْتَدَتْ لَهُنَّ مُتَّكَأً﴾ «قۇرئان»: ئۇلارغا (يۆلىنىدىغان) تەكىيە ياستۇقلارنى تەييارلىدى.

مُتَّكِلٌ: تايانغۇچى، يۆلەنگۈچى.

مَتَّنَ يُمَتِّنُ تَمْتِينًا الشَّيْءَ: چىڭىتتى، پۇختىلىدى.

مَتَّنَ الْقَوْسَ: يانى چىڭىتتى.

مَتَّنَ الْبِنَاءَ: بىنانى پۇختا سالدى.

مَتَّنَ أَوَاصِرَ الصَّدَاقَةِ بَيْنَهُمَا: دوستلۇقنى چىڭىتتى.

«مَتَّنَ الرَّئِيسَانِ الْعَلَاقَةَ بَيْنَ دَوْلَتَيْهِمَا»: ئىككى رەئىس دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى چىڭىتتى.

مَتَّنَ لَهُ: ئۇنىڭغا پۇتلىكاشالىق پەيدا قىلدى، توسالغۇلۇق قىلدى.

مُتَّهِمٌ: تۆھمەتخور، شىكايەت قىلغۇچى، مۇتتەھەم.

مُتَّهَمٌ: ئەيىبلەنگەن، تۆھمەت قىلىنغان؛ جاۋابكار.

مُتَّهَمٌ بِالْقَتْلِ: قاتىللىق گۇماندارى.

مُتَثَاقِلٌ: سۆرەلمە، سۇس، لۆم-لۆم، لايغەزەل، ئېزىلەڭگۈ، ھورۇن، ئېغىر.

مُتَجَانِسٌ: بىر خىل.

مُتَجَاوِزٌ: ئۆتۈپ كەتكۈچى.

مُتَجَاوِزُ الْحَدِّ: ھەددىدىن ئارتۇق، ھەددىدىن ئاشقان.

مُتَجَبِّرٌ: يولۋاس.

مَتْجَرٌ: تىجارەت قىلماق، سودا قىلماق.

مَتْجَرٌ ج مَتَاجِرُ: ماگىزىن، سودا دۇكىنى، تىجارەت ئورنى؛ سودا سارىيى.

مَتْجَرِيٌّ: سودا خاراكتېرلىك، سودىغا مۇناسىۋەتلىك.

مُتَجَسِّدٌ: گەۋدىلەنگۈچى، كونكرېتلاشقۇچى.

مُتَجَعِّبٌ: ئۆلگۈچى، ئۆلۈك.

مُتَجَعِّدٌ: قورۇلۇپ قالغان، پۈلىشاگغۇ.

وَجْهٌ مُتَجَعِّدٌ: قورۇلۇپ قالغان يۈز.

شَعْرٌ مُتَجَعِّدٌ: بۇدۇر قىلىنغان چاچ.

مُتَجَلٍّ: روشەن، ئېنىق، ئوچۇق.

مُتَجَمِّدٌ: توڭلىتىلغان، ئۇيۇتۇلغان.

الْمُحِيطُ الْمُتَجَمِّدُ: مۇز ئوكيان.

أَمْوَالٌ مُتَجَمِّدَةٌ: توڭلىتىلغان مەبلەغ.

الْمِنْطَقَةُ الْمُتَجَمِّدَةُ الْجَنُوبِيَّةُ: جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرىكى.

الْمِنْطَقَةُ الْمُتَجَمِّدَةُ الشِّمَالِيَّةُ: شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى.

مُتَجَهِّمٌ: قاپىقى تۈرۈك، سۈرۈن تەلەت.

مُتَجَوِّلٌ: سەپەر قىلغۇچى، تاماشا قىلغۇچى، سەيلە قىلغۇچى.

مَتَحَ يَمْتَحُ مَتْحًا الْمَاءَ: سۇ تارتتى.

مُتَحَابٌّ ج مُتَحَابُّونَ: دوستلاشقۇچىلار.

الدُّوَلُ الْمُتَحَابَّةُ: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر.

مُتَحَارِبُونَ: جەڭدە ئېلىشقۇچىلار، گىرەلەشمە جەڭ قىلغۇچىلار.

مُتَحَجِّرٌ: تاشقا ئايلانغۇچى.

حَيَوَانٌ مُتَحَجِّرٌ: تاشقا ئايلانغان هايۋان.

مُتَحَجِّرَاتٌ: تاشقا ئايلانغان جىسىم.

مُتَحَدِّثٌ: سۆزلىگۈچى، باياناتچى.

مُتَحَدِّثٌ بِلِسَانِ: .... غا ۋاكالىتەن سۆزلىگۈچى.

الْمُتَحَدِّثُ الرَّسْمِيّ: هۆكۈمەت تەرەپ باياناتچىسى.

«أَعْلَنَ الْمُتَحَدِّثُ الرَّسْمِيّ بِاسْمِ وِزَارَةِ الْخَارِجِيَّةِ أَنَّ الْوَزِيرَ قَدْ اِسْتَدْعَي سُفَرَاءَ الدُّوَلِ الْكُبْرَى لِلْإِجْتِمَاعِ بِهِ»: باياناتچى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى نامىدىن مىنىستىرنىڭ چوڭ دۆلەتلەر كونسۇللىرىنى يىغىنغا چاقىرغانلىقىنى جاكارلىدى.

مُتَحَذِّرٌ: يانتۇلۇق.

مُتَحَذْلِقٌ: ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسەتكۈچى، كۆز-كۆز قىلغۇچى.

مُتَحَرِّكٌ: هەرىكەتلىنىپ تۇرغۇچى، تەۋرەپ تۇرغۇچى، مىدىرلىغۇچى.

صُوَرٌ مُتَحَرِّكَةٌ: كىنو.

رُسُومٌ مُتَحَرِّكَةٌ: كىنو.

مُتَحَزِّبٌ: يان باسقۇچى.

مُتَحَسِّرٌ: ئاقساقاللىق قىلغۇچى.

مُتَحَشِّفٌ م مُتَحَشِّفَةٌ: سالتاڭ ئادەم، كىيىم-كېچەكى ئاۋارە.

مُتَحَشِّمٌ: هايالىق، نومۇسچان، تارتىنچاق، سالاهىيەت، قوشنا، مېهمان.

مَتْحَفٌ ج مَتَاحِفُ: مۇزېي، ئاسارئەتىقىلەر قويۇلغان جاي.

يُفْتَحُ هَذَا الْمَتْحَفُ كُلَّ يَوْمٍ مَا عَدَا يَوْمَ الْإِثْنَيْنِ: بۇ مۇزېيخانا دۈشەنبە كۈنىدىن باشقا هەر كۈنى ئېچىلىدۇ.

مُتَحَفِّزٌ: تەييارلانغۇچى.

مُتَحَفِّظٌ: پەخەس بولغۇچى، دىققەت قىلغۇچى، ئېهتىياتچان.

غَيْرُ مُتَحَفِّظٍ فِي كَلَامِهِ: ئېهتىيات قىلماي سۆزلەيدىغان، ئىختىيارىي سۆزلەيدىغان، بايقىماي سۆزلەيدىغان، ئەركىن سۆزلىگۈچى.

مُتَحَقِّقٌ: تەكشۈرگۈچى، مۇئەييەنلەشتۈرگۈچى.

مُتَحَمِّسٌ: قىزغىن، مەردانە.

مُتَحَوِّطٌ: ئېهتىياتچان، سەگەك.

مُتَحَيِّرٌ: ئىككىلىنىپ قالغۇچى، قىيىن ئەهۋالدا قالغۇچى، تەڭلىكتە قالغۇچى.

اَلْكَوَاكِبُ الْمُتَحَيِّرَةُ: سەييارە يۇلتۇزلار.

مُتَحَيِّزٌ: يان باسقۇچى.

مُتَحَتٌّ: سەيلە كېيىمى.

مُتَخَرِّجٌ: ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى.

مُتَخَشِّبٌ: قېتىپ قالغان.

مُتَخَصِّصٌ: مۇتەخەسسىس، ئىختىساسلىق؛ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

مُتَخَفٍّ: گىرىم قىلغۇچى، ياسىنىۋالغۇچى.

مُتَخَلِّفٌ: ئارقىدا قالغان، كەينىدە قالغان.

مُتَخَلِّفَاتٌ: كېرەكسىز، تاشلاندۇق.

مُتَخَلِّلٌ ج مُتَخَلِّلُوْنَ: ۋاستىچىلىك قىلغۇچى، ئارىلاشقۇچى.

مُتَخَلِّلٌ بَعْدَ الْأَكْلِ: تاماقتىن كېيىن چىشىنى ئارىلىغۇچى.

«حَبَّذَا الْمُتَخَلِّلُوْنَ مِنْ أُمَّتِي فِي الْوُضُوْءِ وَالطَّعَامِ» ‹حديث›: مىنىلىك ئۇممىتىمدىن تاھارەت ئالغاندا، تاماق يېگەندە چىشىنىڭ ۋە بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىنى تازىلىغانلار ئەجەب ياخشى ئادەملەردۇر.

مُتَخُوْمٌ: تاماق سىڭمەسلىك كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ئادەم.

مُتَخَيِّرٌ: تاللىغۇچى.

مُتَخَيَّرٌ: تاللانغان.

مُتَدَاخِلٌ: ئارىلاشقۇچى.

مُتَدَاخِلٌ فِي مَا لَا يَعْنِيْهِ: مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشقۇچى، يېتىم ئاقساقال.

مُتَدَاخِلَةُ الصِّلَاتِ: ئۆزئارا مۇناسىۋەت باغلىغان.

مُتَدَارِكٌ: تاپقۇچى، ئىرىشكۈچى.

مُتَدَاوِلٌ: ئېقىۋاتقان، ئۆتۈۋاتقان، ئالمىشىپ تۇرغان، كەڭ تارقالغان؛ ئاددىي.

مُتَدَخِّلٌ: ئارىلاشقۇچى.

مُتَدَخِّلٌ فِي الْأُمُوْرِ الدَّاخِلِيَّةِ: ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشقۇچى.

مُتَدَرِّبٌ: تەربىيىلەنگۈچى.

مُتَدَرِّنٌ: سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغۇچى.

مُتَدَفِّقٌ: ئىتتىك ئېقىن، جەددىي ئېقىن.

مُتَدَلٍّ: ئېسىپ قويۇلغان، ساڭگىلىتىلغان.

مُتَدَيِّنٌ: دىيانەتلىك، دىندار، دىندا مۇستەھكەم، تەقۋا.

مُتَذَبْذِبٌ: تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، لىڭشىپ تۇرىدىغان.

رَجُلٌ مُتَذَبْذِبُ الْمِزَاجِ: لىڭگىرتاقتاق مىجەز ئادەم.

مُتَذَمِّرٌ: پەرىشان، نارازى، مالال بولغۇچى، زېرىككۈچى، غودۇڭشىغۇچى.

مَتَرَ يَمْتُرُ مَتْرًا الشَّيْءَ: كەستى، ئۈزدى.

مَتَرَ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى سوزدى.

مَتَرَهُ: ئۇنى مېتىرلىدى.

مِتْرٌ و مَتْرٌ ج أَمْتَارٌ: مېتىر.

مُتَرَابِطٌ: باغلانغۇچى، مۇناسىۋەت ئورناتقۇچى.

مُتَرَاجِعٌ: چېكىنگۈچى، ئارقىغا داجىغۇچى.

مُتَرَاخٍ: سۇس، بوش، ئاستا، بوشاڭ.

مُتَرَادِفٌ: مەنىداش سۆز، مەنىسى ئوخشاش سۆز.

مُتَرَادِفَةٌ ج مُتَرَادِفَاتٌ: مەنىداش، مەنىسى ئوخشاش.

مِتْرَاسٌ ج مَتَارِسُ و مَتَارِيْسُ: قالقان، ساۋۇت، قورغان، ئىستىھكام، قەلئە، يوشۇرۇنۇش ئورنى.

عَادَ رَجُلُ الْأَمْنِ إِلَى مَتَارِيْسِهِمْ: ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى ئىستىھكاملىرىغا قايتتى.

مُتَرَاصٌّ: زىچ، قويۇق.

مُتَرَاكِبٌ: يىغىلىپ قالغۇچى، ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ قالغان.

﴿فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِراً نُخْرِجُ مِنْهُ حَبّاً مُتَرَاكِباً﴾ ‹قرآن›: ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، (بۇغداي ۋە ئارپا باشاقلىرىغا ئوخشاش) بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى.

مُتَرَاكِزٌ: مەركەزلەشكۈچى.

مُتَرَامٍ: بىپايان، كەڭ.

مُتَرَامِي الْأَطْرَافِ: كەڭ كۆلەملىك، بىپايان، چوڭ، يەر مەيدانى كەڭ.

«هَذِهِ الْمَدِينَةُ مُتَرَامِيَةُ الْأَطْرَافِ»: بۇ شەھەرنىڭ دائىرىسى كەڭ.

شَجَرَةٌ مُتَرَامِيَةُ الْأَغْصَانِ: شاخ-يوپۇرماقلىرى بۈك-باراقسان چوڭ دەرەخ.

مُتْرِبٌ: رەقىب، دۈشمەن؛ قارشى تەرەپ.

مَتْرَبَةٌ: گاداي، نامرات، يوقسۇل.

﴿أَوْ إِطْعَامٌ فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ يَتِيماً ذَا مَقْرَبَةٍ أَوْ مِسْكِيناً ذَا مَتْرَبَةٍ﴾ «قرآن»: ياكى ئاچارچىلىق كۈنىدە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە تاماق بەرمەكتۇر.

مُتَرَجْرِجٌ: لىگىشىغۇچى، تىترىگۈچى، لاغىلدىغۇچى، تەۋرەنگۈچى.

مُتَرْجِمٌ: تەرجىمان.

مُتَرْجَمٌ: تەرجىمە قىلىنغان.

لَمْ يَكُنِ الشَّاعِرُ يَعْرِفُ لُغَةً أَجْنَبِيَّةً وَإِنَّمَا كَانَ يُقْبِلُ عَلَى قِرَاءَةِ الْمُتَرْجَمَاتِ مِنَ الْأَدَبِ الْغَرْبِيِّ: شائىر چەت ئەل تىلىنى بىلمەيتتى، پەقەت غەرب ئەدەبىياتىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى بېرىلىپ ئوقۇيتتى.

مُتَرَدِّدٌ: ئارىسالدى بولغۇچى، ئىككىلىنىپ قالغۇچى.

مُتَرَدِّمٌ: ئۆگىشايدىغان، رېمونت قىلىنىدىغان، تۈزىتىدىغان.

مُتَرَدٍّ: ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەن هايۋان.

﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ ... وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ﴾ «قرآن»: سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان، ... (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، (هايۋانلار تەرىپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋانلار(نىڭ گۆشىنى يېيىش) هارام قىلىندى.

مُتَرَبٍّ: تەربىيىلەنگەن، تەربىيە كۆرگەن.

مُتَرَّحٌ: ئازاب-ئوقۇبەتلىك.

مِتْرَسٌ، مِتْرَسَةٌ ج مَتَارِسُ: تاقاق ياغىچى، مۇداپىئەلىنىدىغان نەرسە؛ قورغان.

مُتْرَصٌ: تەڭپۇڭ تارازا.

مُتَرَصَّاتٌ: تۆز نەيزە.

مُتْرَعٌ: تولغان، تولۇپ تاشقان.

كَأْسٌ مُتْرَعَةٌ: تولدۇرۇلغان قاچا، تولغان قاچا.

مُتَرَعْرِعٌ: ئۆسۈپ يېتىلگۈچى (10-20 ياش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت).

مُتْرَفٌ: راھەت-پاراغەتكە بېرىلگۈچى.

مُتَرَفِّعٌ: ھاكاۋۇر، مۇتەكەببىر، كۆرەڭلەپ كەتكۈچى.

مُتَرَقَّبٌ: ساقلانغان، ئۈمىد قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان.

مُتَرَنِّحٌ: دەلدەڭشىگۈچى، سەنتۈرۈلگۈچى، ئىرغاڭلىغۇچى.

مُتَرَهِّلٌ: يۇمشاق، ئەۋرىشىم؛ ئاجىز، زەئىپ.

مِتْرُو: يەر ئاستى تۆمۈر يولى، مېترو.

مَتْرُوكٌ: تاشلىۋېتىلگەن، ۋاز كېچىلگەن، قالدۇرۇپ قويۇلغان.

مَتْرُوكَاتٌ: ئالاھىدە قالدۇرۇلغان مىراس.

مِتْرُونُومٌ: رىتىم تەڭشىگۈچ، سۈرئەت تەڭشىگۈچ.

مِتْرِيُولُوجِيَا: هاۋا رايى ئىلمى، مېتېئورولوگىيە.

مِتْرِيُولُوجِيٌّ: هاۋا رايى ئىلمى مۇتەخەسسىسى، مېتېئورولوگ، مېتېئورولوگىيىلىك.

مِتْرِيٌّ: مېترلىق.

الطَّرِيقَةُ الْمِتْرِيَّةُ: مېتىر سىستېمىسى.

مُتَزَامِنٌ: ۋاقىتتا بىرلىككە كەلگۈچى، زامانداش.

«الصُّورَةُ وَالصَّوْتُ مُتَزَامِنَانِ فِي الْفِلْمِ»: رەسىم بىلەن

ئاۋاز كىنودا بىر ۋاقىتتا بېرىلىدۇ.

«هُمَا مُتَزَامِنَانِ مِنْ جِيْلٍ وَاحِدٍ»: ئـۇ ئىككىسى زاماندash.

مُتَزَايِدٌ: ئاشقان، ئۆسكەن، زىيادىلىگەن.

إِنْتَاجٌ مُتَزَايِدٌ: كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىش.

مُتَزَعْزِعٌ: لىگىشىپ قالغۇچى، ئارىسالدى بولۇپ قالغۇچى.

مُتَزَلِّجٌ: مۇز تېيىلغۇچى.

مُتَزَلِّفٌ ج مُتَزَلِّفُونَ: ياخشىچاق بولغۇچى، تەخسكەش، خۇشامەتچى.

«هَذَا مِنَ الْمُتَزَلِّفِيْنَ لِأَصْحَابِ السَّلْطَةِ»: بۇ ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلغۇچىلاردىندۇر.

مُتَزَمِّتٌ ج مُتَزَمِّتُونَ: جىددىي، كەسكىن؛ سۈرلۈك.

رَجُلٌ مُتَزَمِّتٌ: پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان ئادەم، دىندا چىڭ تۇرىدىغان ئادەم، مۇتەئەسسىپ ئادەم.

مُتَزَوِّجٌ ج مُتَزَوِّجُونَ: خوتۇنلۇق ئەر، خوتۇنى بار ئادەم.

مُتَزَوِّجَةٌ ج مُتَزَوِّجَاتٌ: ئەرلىك ئايال.

مُتَسَاهِلٌ: مۆتىدىل، ئىلمان، كەڭچىلىك قىلغۇچى، ئەپۇ قىلغۇچى.

مُتَسَاوٍ: باراۋەر بولغۇچى، ئوخشاش، تەڭ.

مُتَسَاوِي الْأَجْزَاءِ: ئىزومېر (خىمىيىۋى تەركىبى ئوخشاش مولېكۇلا تۈزۈلۈشى، فىزىكا ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەر خىل ماددا).

مُتَسَاوِي الْأَضْلَاعِ: تەڭ تەرەپلىك.

مُتَسَاوِي الْحَرَارَةِ: تەڭ تېمپېراتۇرا، تەڭ ئىزوتېرمىك.

مُتَسَاوِي الزَّوَايَا: تەڭ بۇلۇڭلار.

يَجِبُ أَنْ تَكُونَ كُلّ الدّوَلِ كَبِيرَةً كَانَتْ أَمْ صَغِيرَةً مُتَسَاوِيَةً: مەيلى چوڭ بولسۇن، مەيلى كىچىك بولسۇن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى باراۋەر بولۇشى كېرەك.

مُتَسَبِّبٌ: سەۋەب، نەتىجە.

مُتَسَرِّعٌ: ئالدىراڭغۇ.

مُتَسَلْسِلٌ: ئۈزلۈكسىز، ئۇدا.

رَقَمٌ مُتَسَلْسِلٌ: تەرتىپ نومۇرى، رەت نومۇرى.

بِصُوْرَةٍ مُتَسَلْسِلَةٍ: ئىزچىل تۈردە.

الْجَرَائِمُ الْمُتَسَلْسِلَةُ: بىر قاتار جىنايەتلەر.

نِمْرَةٌ مُتَسَلْسِلَةٌ: تەرتىپ نومۇرى، رەت نومۇرى.

مُتَسَلِّطٌ: باشقۇرغۇچى، كۆزەتكۈچى، كونترول قىلغۇچى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى.

مُتَسَلِّقٌ:ئېسىلغۇچى، ياماشقۇچى.

نَبَاتٌ مُتَسَلِّقٌ: ياماشقۇچى ئۆسۈملۈك، چىرماشقۇچى ئۆسۈملۈك.

مُتَسَلِّمٌ: ھاكىم.

خُبْزٌ مُتَسَنَّةٌ: كۆكىرىپ قالغان نان.

مُتَسَوِّطٌ: ئۆزىنى قامچىلىغۇچى.

مُتَسَوِّلٌ: تىلەمچى، قەلەندەر، دىۋانە، ئابدال.

مُتَشَائِمٌ ج مُتَشَائِمُونَ: ئۈمىدسىز، روھى چۈشكەن.

لَا تَكُنْ مُتَشَائِمًا تَنْظُرُ إِلَى الْحَيَاةِ بِمِنْظَارٍ أَسْوَدَ: ھاياتنى قاپقاراڭغۇ جاڭگال قىلىۋېلىپ، ئۈمىدسىز قارىما.

مُتَشَابِكٌ: ئارىلاشقان، چىگىچىلىشىپ كەتكەن، مۈرەككەپلىشىپ كەتكەن، پەنجىرە.

مُتَشَابِهٌ ج مُتَشَابِهُونَ: ئوخشاش، خۇددى شۇنداق.

﴿وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهاً وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ﴾ ‹قرآن›: (رەڭگى ۋە شەكلى) بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان (تەمى) ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى.

مُتَشَابِهَةٌ ج مُتَشَابِهَاتٌ: مەنىسى ئېنىق ئەمەس سۆزلەر، مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس سۆزلەر، مۇجمەل سۆزلەر.

﴿مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ

مُتَشَابِهَاتٌ ﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر. يەنە باشقا مۇتەشابى (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر.

مُتَشَابِهَاتٌ: ئوتتۇق، مۇجمەل، غۇۋا، مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس ئايەتلەر.

مُتَشَاكِسٌ ج مُتَشَاكِسُوْنَ: دەتالاش قىلىشقۇچىلار.

﴿فِيهِ شُرَكَاءُ مُتَشَاكِسُونَ﴾ ‹قرآن›: ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان ئۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

مُتَشَامِخٌ: تەكەببۇر، مۇغەممەر.

مُتَشَبِّثٌ: تەرسا، جاھىل، كاج، چىڭ تۇتقۇچى، ئېسىلغۇچى.

مُتَشَرِّدٌ ج مُتَشَرِّدُوْنَ: ئازغۇن، ئاداشقۇچى، سەرگەردان.

مُتَشَرِّعٌ ج مُتَشَرِّعُوْنَ: ئادۋوكات، قانۇنشۇناس.

مُتَشَقِّقٌ: يېرىلغان، دەز كەتكەن، چاك كەتكەن.

مُتَشَكِّرٌ: رەھمەت ئېيتقۇچى، تەشەككۇر بىلدۈرگۈچى.

مُتَشَيِّعٌ: ھەۋەسكار، ھېرىسمەن.

مُتَصَاعِدٌ: ئېگىز، يۇقىرى.

غَازٌ مُتَصَاعِدٌ: ئۆرلەۋاتقان گاز.

أَصْوَاتٌ مُتَصَاعِدَةٌ صَاخِبَةٌ: يۇقىرى ئاۋازلىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ.

مُتَصَدِّعٌ: يېرىلغان، چاك كەتكەن.

بِنَاءٌ مُتَصَدِّعٌ: چاك كەتكەن بىنا.

﴿لَوْ أَنْزَلْنَا هَذَا الْقُرْآنَ عَلَى جَبَلٍ لَرَأَيْتَهُ خَاشِعاً مُتَصَدِّعاً مِّنْ خَشْيَةِ اللَّهِ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلغان بولساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ.

مُتَصَدِّقٌ: سەدىقە بەرگۈچى.

﴿وَتَصَدَّقْ عَلَيْنَا إِنَّ اللّهَ يَجْزِي الْمُتَصَدِّقِينَ﴾ ‹قرآن›: بىزگە سەدىقە قىلغىن، ئاللاھ سەدىقە قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن مۇكاپاتلايدۇ.

مُتَصَرِّفٌ ج مُتَصَرِّفُوْنَ: باشقۇرغۇچى.

مُتَصَرِّفِيَّةٌ: ئۆلكە.

حَاكِمُ مُتَصَرِّفِيَّةٍ: ئۆلكە باشلىقى.

مُتَصَعْلِكٌ: لۈكچەك، سەرگەردان، ماكانسىز.

مُتَصَلِّبٌ ج مُتَصَلِّبُوْنَ: قاتتىق.

مُتَصَلِّبٌ فِي رَأْيِهِ: كېيىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان.

مُتَصَنِّعٌ ج مُتَصَنِّعُوْنَ: ياسىمچى.

إِمْرَأَةٌ مُتَصَنِّعَةٌ فِي كَلَامِهَا: ياسالما سۆزلەيدىغان ئايال.

مُتَصَوِّفٌ: سوپى، تەسەۋۋۇپچى، تەرىقەتچى.

التَّنَاقُضَاتُ الْمُتَضَادَّةُ: ئانتاگونىستىك زىددىيەت.

مُتَضَارِبٌ: زىددىيەتلەشكۈچى، رەقىب؛ ئېتىراز بىلدۈرگۈچى.

مُتَضَايِقٌ: ئىچ پۇشۇقى، خاپىلىق.

مُتَضَعْضِعٌ: خاراب بولغۇچى، ۋەيران بولغۇچى، بۇزۇلغان.

مُتَطَاوِلٌ: تىك تۆت بۇلۇڭلۇق، ئۇزۇن.

مُتَطَرِّفٌ: ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچى؛ رادىكال؛ ئۇچىغا چىققان؛ قىممەت باھا نەرسە؛ كەم ئۇچرايدىغان نەرسە؛ ھەدىيە، سوۋغات.

مُتَطَرِّفٌ (فِي السِّيَاسَةِ): كەسكىن.

مُتَطَفِّلٌ: چاقىرىلمىغان مېھمان، ھارامتاماق، بىكار تەلەپ.

مُتَطَلِّبٌ ج مُتَطَلِّبَاتٌ: ئىشقا ئېشىشى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىش.

مُتَطَلِّبٌ جَامِعِيٌّ: ستودېنت، ئوقۇپ تۈگىتىشكە تەلەپ قىلىنىدىغان دەرسلەر.

صَنَاعَةٌ مُتَطَوِّرَةٌ: تەرەققىي قىلغان سانائەت.

مُتَطَوِّعٌ ج مُتَطَوِّعَةٌ: پىدائىي.

الْجَيْشُ الْمُتَطَوِّعُ: پىدائىي قوشۇن.

مُتَظَاهِرٌ: نامايىشچى.

مَتَعَ يَمْتَعُ مَتْعًا وَمُتْعَةً بِالشَّيْءِ: ئەكەتتى، ئېلىپ كەتتى، پايدىلاندى، مەنپەئەتلەندى، بەھرىمەن بولدى.

مَتَعَ الشَّيْءُ: نەرسە ئەڭ ياخشى بولدى.

مَتَعَ النَّهَارُ: چۈش بولدى، كۈن تىكلەشتى.

مُتَعَادِلٌ: تەكشى، باراۋەر.

مُتَعَادُوْنَ الْوَاحِدُ مُتَعَادٍ: ئۆزئارا دۈشمەنلەشكۈچى.

مُتَعَادٍ: تاشلىق، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەر.

مُتَعَارَفٌ: تونۇلغان، ئېتىراپ قىلىنغان، مەشھۇر.

مُتَعَاقِبٌ: ئارقا-ئارقىدىن، ئۈزلۈكسىز؛ ئالمىشىپ تۇرغۇچى، نۆۋەتلەشكۈچى.

مُتَعَاقِدٌ: توختام تۈزگۈچى، كېلىشىم تۈزگۈچى، قېتىشىپ قالغان، ئۇيۇپ قالغان.

الْمُتَعَاقِدَانِ: توختام تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ.

مُتَعَالٍ: ئالىيجاناب، يۈكسەك، ئالىي.

مُتْعِبٌ: كىشىنى ھالسىرىتىدىغان.

مُتْعَبٌ: ھارغان، چارچىغان.

أَنَا مُتْعَبُ الْيَوْمِ لِلْغَايَةِ: مەن بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم.

مَتْعَبٌ، مَتْعَبَةٌ ج مَتَاعِبُ: قىيىنچىلىق، مۇشەققەت.

مَتَاعِبُ السَّفَرِ: سەپەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرى.

مَتَاعِبُ الْمَرَضِ: كېسەل ئازابى.

مَتَاعِبُ الْحَيَاةِ: تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرى.

مُتَعَبِّدٌ: ئابىد، ئىبادەت قىلغۇچى.

مُتْعَةٌ وَمِتْعَةٌ ج مُتَعٌ وَمِتَعٌ: پايدىلانماق، مەنپەئەتدار بولماق، بەھرىمەن بولماق، ھوزۇرلانماق، لەززەتلەنمەك؛ سوۋغا؛ ئۆلۈم.

مُتْعَةٌ شَهِيَّةٌ: نازۇنېمەت، ئېسىل تائام.

مُتْعَةٌ قَلِيْلٌ: ئاز مىقداردىكى ئوزۇق-تۈلۈك، ئازغىنە ئوزۇق.

مُتْعَةُ الطَّلَاقِ: نىكاھدىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئايالنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك نېسىۋىسى.

زَوَاجُ الْمُتْعَةِ: ۋاقىتلىق ئۆيلىنىش، مۇددەت بەلگىلەپ نىكاھلىنىش.

«مُتْعَةٌ فِكْرِيَّةٌ»: ئەقلى ھوزۇرلىنىش.

«السَّفَرُ بِالطَّرِيْقِ الْبَرِّيِّ مُتْعَةٌ»: قۇرۇقلۇق سەپىرىنىڭ ئۆزى بىر خىل ھوزۇرلىنىشتۇر.

«أَمَاكِنُ الْمُتْعَةِ»: كۆڭۈل ئاچىدىغان جايلار.

مُتَعَجْرِفٌ: ھاكاۋۇر، مەنمەنچى.

تَصَرَّفَ بِصُوْرَةٍ فَظَّةٍ وَمُتَعَجْرِفَةٍ: يولسىزلىق قىلدى.

مُتَعَدِّدٌ: نۇرغۇن، كۆپ، كۆپ مىقدار.

مُتَعَدِّدُ الْأَشْكَالِ: خىلمۇخىل.

مُتَعَدِّدُ الْأَضْلَاعِ: كۆپ تەرەپلىك، كۆپ قىرلىق.

مُتَعَدِّدُ الْجَوَانِبِ: كۆپ تەرەپلىمىلىك.

مُتَعَدِّدُ اللُّغَاتِ: كۆپ تىللىق.

مُتَعَدٍّ ج مُتَعَدُّوْنَ: ئۆتكۈچى، ئېشىپ كەتكۈچى، تاجاۋۇزچى.

فِعْلٌ مُتَعَدٍّ: ئۆتۈملۈك پېئىل.

مُتَعَذِّرٌ: قىيىن، جاپالىق، ئورۇنلىغىلى بولمايدىغان، مۇمكىن بولمايدىغان.

مُتَعَرِّجٌ: دولقۇنلۇق، دولقۇنسىمان، ئەگرى-بۈگرى.

مُتَعَصِّبٌ: قىزغىن، غەيرەتلىك؛ ئۆز كۆز قارىشىدا بىر تەرەپلىمە چىڭ تۇرىدىغان، مۇتەئەسسىپ.

مُتَعَصِّبٌ لِمَذْهَبٍ: گۇرۇھۋاز، شەخسىيەتچى.

مُتَعَصٍّ: مۇشەققەت، جاپالىق؛ داۋالاش قىيىن؛ مەھكەم ئورناشقان.

مُتَعَضُّونٌ: ئورگانىك، جانلىق، ئەزالىق.

مُتَعَطِّشٌ ج مُتَعَطِّشُونَ: چاڭقىغۇچى، ئۇسسىغۇچى، قاتتىق ئىنتىلگۈچى.

كَانَ مُتَعَطِّشًا لِسِمَاعِ أَخْبَارِ أَهْلِهِ: ئائىلىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى.

مُتَعَظِّمٌ: ھاكاۋۇر، چوڭچى.

مُتَعَفِّنٌ: سېسىغان، چىرىگەن.

هَذِهِ التُّفَّاحَاتُ كُلُّهَا جَيِّدَةٌ وَلَا تُوْجَدُ وَاحِدَةٌ مِنْهَا مُتَعَفِّنَةً: بۇ ئالمىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى. ئارىسىدا بىرمۇ سېسىقى يوق.

مُتَعَقِّلٌ: زېرەك، چېچەن.

مُتَعَلِّقٌ بِهِ: ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭغا تەئەللۇق.

مُتَعَلِّمٌ ج مُتَعَلِّمُونَ:ئوقۇغۇچى، تەلىم ئالغۇچى، ئەدەپلىك، مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك، زىيالى.

مُتَعَمِّدٌ: قەستەن.

﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِناً مّتَعَمِّداً فَجَزَآؤُهُ جَهَنَّمُ﴾ ‹قرآن›: كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ.

«مَنْ كَذِبَ عَلَي مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ» ‹حديث›: كىمكى مەن دېمىگەن سۆزنى يالغاندىن مېنى دېدى دېسە، ئۇ ئادەم جايىنى دوزاخ دەپ بىلسۇن.

مُتَعَنِّتٌ: كاج، جاھىل، تەرسا.

مُتَعَهِّدٌ: توختام تۈزگۈچى، كېلىشىم ئىمزالىغۇچى، ھۆددىگەر.

سَيَقُوْمُ بِتَنْفِيْذِ الْمَشْرُوْعِ الْجَدِيْدِ آحَدُ الْمُتَعَهِّدِيْنَ الْأَكْفِيَاءِ: يېڭى پىلاننى ئىجرا قىلىشنى ياراملىق ھۆددىگەر ئۈستىگە ئالدى.

مَتْعُوْبٌ: ھارغان، چارچىغان.

مَتْعُوْسٌ: بەختسىز، بىچارە، بىتەلەي.

مُتَعَوِّدٌ: ئادەتلەنگۈچى.

مُتَغَايِرٌ ج مُتَغَايِرُوْنَ: ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك، قۇرۇلۇشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان.

مُتَغَرِّبٌ: ياقا-يۇرتلۇق، يۇرتىدىن ئايرىلغان.

مُتَغَضِّنٌ: پۈرلەشكەن، قورۇلغان.

عِنْدَمَا يَطْعُنُ الْمَرْأُ فِي السِّنِّ يُصْبِحُ جِلْدُهُ مُتَغَضِّنًا: كىشى ياشانغاندا تېرىسى قورۇلۇپ قالىدۇ.

مُتَغَطْرِسٌ: ھاكاۋۇر، مەنمەنچى.

كَانَ مُعْجِبًا بِنَفْسِهِ مُتَغَطْرِسًا: مەنمەنچىلىك قىلىپ ئۆزىنى قالتىس سانايتتى.

مُتَغَلِّبٌ: غالىب، يەڭگۈچى.

مُتَغَيِّرٌ: ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز، ئالمىشىپ تۇرغۇچى.

مُتَفَائِلٌ ج مُتَفَائِلُوْنَ: ئۈمىدۋار، بىغەم.

يَعِيْشُ الْمُتَفَائِلُوْنَ فِي سَعَادَةٍ: ئۈمىدۋار كىشىلەر بەخت ئىچىدە ياشايدۇ.

مُتَفَاحِشٌ: ئادەتتىن تاشقىرى، پەۋقۇلئاددە.

مِتْفَالٌ: بەتبۇي ئادەم.

مُتَفَاوِتٌ: قائىدىسىز، تەرتىپسىز، پەرقلىق.

مُتَفَتِّرٌ: بوشاپ قالغۇچى، ئارىلاپ داۋاملاشقۇچى.

مُتَفَجِّرٌ: پارتلىغۇچى.

مَوْقِفٌ مُتَفَجِّرٌ: پارتلاش ھالىتىدىكى مەيدان.

الْمُتَفَجِّرَاتُ: پارتلاتقۇچلار.

الْمَوَادّ الْمُتَفَجِّرَةُ: پارتلاتقۇچ ماددىلار.

مُتَفَرِّعٌ: كۆپ تارماقلىق، كۆپ شاخلىق، كۆپ خىل.

مُتَفَرِّعَاتٌ: قوشۇمچە مەھسۇلات.

الْبِتْرُوْلُ وَمُتَفَرِّعَاتُهُ: نېفىت ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى.

مُتَفَرِّقٌ ج مُتَفَرِّقُوْنَ م مُتَفَرِّقَةٌ: تارقاق، چېچىلىپ كەتكەن.

﴿أَأَرْبَابٌ مّتَفَرِّقُونَ خَيْرٌ﴾ ‹قرآن›: تارقاق كۆپ

مەبۇدلار ياخشىمۇ؟

﴿وَادْخُلُواْ مِنْ أَبْوَابٍ مُتَفَرِّقَةٍ﴾ «قرآن»: باشقا-باشقا دەرۋازىدىن كىرىڭلار.

مُتَفَرِّقَاتٌ: تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى.

مُتَفَرْنِجٌ: ياۋروپالاشقۇچى.

شَابٌّ مُتَفَرْنِجٌ: ياۋروپالىشىپ كەتكەن ياش.

مُتَفَشٍّ: تاراپ كەتكۈچى، يېيىلىپ كەتكۈچى.

مِتْفَلَةٌ ج مَتَافِلُ: تۈكۈرۈك قاچىسى، گارشوك.

مُتَفَلْسِفٌ: پەيلاسوپلۇق دەۋاسى قىلغۇچى، ئۆزىنى پەيلاسوپ دەۋالغۇچى.

مُتَفَنِّنٌ: كەشپىياتچى، ئىجادىيەتچى.

كَانَ كَاتِبًا مُتَفَنِّنًا: ئۇ ئىجادكار يازغۇچى ئىدى.

مُتَفَوِّقٌ: ئۈستۈن، ئۈستۈنلۈك قازانغۇچى، ماھىر، غالىب، پۇختا، پىششىق.

جَانِبُنَا فِي وَضْعٍ مُتَفَوِّقٍ: ئۈستۈنلۈك بىز تەرەپتە.

مُتَقَابِلٌ: يۈزلىشىپ تۇرغۇچى.

﴿مُتَّكِئِينَ عَلَيْهَا مُتَقَابِلِينَ﴾ «قرآن»: تەختلەرگە يۆلەنگەن ھالدا، بىر - بىرگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ.

مُتَقَادِمٌ: بۇرۇنقى، قەدىمكى.

مُتَقَادِمُ الْعَهْدِ: بۇرۇنقى زامان، قەدىمكى زامان.

مُتَقَارِبٌ ج مُتَقَارِبُونَ: يېقىن، زىچ، شېئىرنىڭ مەلۇم ۋەزنى.

«أَشْجَارٌ مُتَقَارِبَةٌ»: زىچ دەرەخلەر.

هُمَا مُتَقَارِبَانِ فِي السِّنِّ: ئۇ ئىككىسى تەڭتۇش.

مُتَقَاضٍ ج مُتَقَاضُونَ: ئەرز قىلغۇچى، شىكايەت قىلغۇچى.

مُتَقَاعِدٌ: خىزمەتتىن چېكىنگۈچى، پېنسىيىگە چىققۇچى.

مُتَقَبِّضٌ: قورۇلغان، تارايغان.

مُتَقَدِّسٌ: مۇقەددەس، پاك.

مُتَقَدِّمٌ ج مُتَقَدِّمُونَ: ئىلغار، ئىلگىرىلىگۈچى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى، ياخشىلانغۇچى.

مُتَقَدِّمٌ فِي السِّنِّ: ياشانغان، پېشقەدەم.

الْمُتَقَدِّمُ: بىرىنچى، ئەڭ ئاۋۋال.

الْمُتَقَدِّمُ ذِكْرُهُ: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تىلغا ئېلىنغان.

«الدُّوَلُ الْمُتَقَدِّمَةُ»: تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر.

أَنَّهُ لَمْ يَتَعَلَّمْ حَتَّى مَبَادِئَ الرِّيَاضِيَّاتِ فَكَيْفَ يُمْكِنُهُ أَنْ يَتَعَلَّمَ الرِّيَاضِيَّاتِ الْمُتَقَدِّمَةَ: ئۇ باشلانغۇچ ماتېماتىكىنىمۇ ئۆگەنمىگەن تۇرسا قانداقمۇ ئالىي ماتېماتىكىنى ئۆگىنەلىسۇن.

مُتَقَرِّحٌ: جاراھەتلەنگۈچى، يارىلانغان، مەجرۇھ.

مُتَقَشِّفٌ ج مُتَقَشِّفُونَ: ئاددىي-ساددا ياشىغۇچى.

«عَالِمٌ مُتَقَشِّفٌ»: راھەت-پاراغەتكە بېرىلمىگەن ئالىم.

مُتَقَصِّدٌ: مەقسەتلىك، قەستەن، ئەتەي، نىشانلىق.

مُتَقَطِّعٌ: ئارىلاپ ئۈزۈلگەن.

تَيَّارٌ مُتَقَطِّعٌ: تۇراقسىز توك.

«أَجَابَهُ فِي صَوْتٍ مُتَقَطِّعٍ»: توختاپ-توختاپ جاۋاب بەردى.

لَقَدْ كُتِبَ هَذِهِ الْأُطْرُوحَةُ عَلَى نَحْوٍ مُتَقَطِّعٍ خِلَالَ نِصْفِ سَنَةٍ: بۇ ئىلمىي ماقالە ئارىلاپ-ئارىلاپ يېزىلىپ يېرىم يىلدا يېزىلىپ بولۇندى.

مُتَقَلِّبٌ: ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز.

مُتَقَلِّبُ الْأَطْوَارِ: كىيپىنىڭ تۇتامى يوق، ئالا كۆڭۈل، ئاسان ئۆزگىرىدىغان.

﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ مُتَقَلَّبَكُمْ وَمَثْوَاكُمْ﴾ «قرآن»: ئاللاھ سىلەرنىڭ «دۇنيادىكى» ھەرىكىتىڭلارنى ۋە «ئاخىرەتتىكى» جايىڭلارنى بىلىدۇ.

«جَوٌّ مُتَقَلِّبٌ»: ئۆزگىرىشچان ھاۋا.

مَرِيضٌ مُتَقَلِّبٌ عَلَى فِرَاشِهِ: يېتىپ قالغان كېسەل.

مُتَقَلِّدٌ: تەقلىد قىلغۇچى، دورىغۇچى؛

ئېسىۋالغۇچى، تاقىۋالغۇچى.

مُتَقَلْقِلٌ: تۇراقسىز، تەۋرەنگۈچى.

مُتَقَلِّصٌ: تارايغۇچى، قورۇلغۇچى، قىسقىرىغۇچى، كىرىشىپ كەتكۈچى.

مُتْقَنٌ: ئېنىق، مۇكەممەل، پۇختا.

لَقَدْ صَنَعْتُ هَذَا الْعَمَلَ عَلَى نَحْوٍ غَيْرِ مُتْقَنٍ: بۇ ئىشنى قولۇمنىڭ ئۇچى بىلەنلا ئىشلەپ قويدۇم.

مَتْقُوْنٌ: ئېنىق، مۇكەممەل.

مُتَقَيِّحٌ: يىرىڭلىق، يىرىڭلاپ قالغان.

مَتَكَ يَمْتُكُ مَتْكًا الشَّيْءَ: ئۈزۈۋەتتى، كېسىۋەتتى.

مَتْكٌ: چىۋىننىڭ بۇرنى.

مِتْكٌ: تىزىق، باغلام، زىخ، ساپ (ئۈزۈمنىڭ)؛ چوڭ يىڭنە.

مُتَكَافِئَةٌ: تەڭلىك، باراۋەرلىك.

مُعَاهِدَةٌ غَيْرُ مُتَكَافِئَةٍ: تەڭسىز شەرتنامە.

إِلْغَاءُ الْمُعَاهَدَاتِ غَيْرِ الْمُتَكَافِئَةِ: تەڭسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش.

مُتَكَبِّرٌ ج مُتَكَبِّرُوْنَ: هاكاۋۇر، چوڭچى، مۇتەكەببۇر.

الْمُتَكَبِّرُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ ئۇلۇغلۇق ئىگىسى دېگەن مەنىدە.

﴿الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ﴾ «قرآن»: ئۇ، مۇتلەق پادىشاھدۇر، پاكتۇر، سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھرى قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر.

مُتَكَتِّفٌ: قول قوۋۇشتۇرغۇچى.

جَلَسَ مُتَكَتِّفًا: قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇردى.

مُتَكَتِّلٌ ج مُتَكَتِّلُوْنَ: توپلانغان، گۇرۇھ بولۇۋالغان، غۇژمەك.

بِنَاءَاتٌ مُتَكَتِّلَةٌ: زىچ بىنالار.

مُتَكَدِّرٌ: پاراكەندە بولغۇچى.

مُتَكَرِّرٌ: قايتا ـ قايتا.

مُتَكَرِّرُ الْحُدُوْثِ: قايتا مەيدانغا كەلگەن.

بِصُوْرَةٍ مُتَكَرِّرَةٍ: تەكرار رەۋىشتە.

مُتَكَرِّهٌ: يىرگەنگۈچى، نارازى بولغۇچى.

مُتَكَسِّسٌ: باھاسى بەلگىلەنگەن.

رِسَالَةٌ مُتَكَسَّسَةٌ: زاكاس خەت.

مُتَكَلِّفٌ ج مُتَكَلِّفُوْنَ: يالغان قىياپەتكە كىرىۋالغۇچى، سۈنئىي تۈسكە كىرىۋالغۇچى.

مُتَكَلِّفُ الْكَرَمِ: ئالىيجاناب قىياپەتكە كىرىۋالغۇچى.

مُتَكَلِّمٌ: سۆزلىگۈچى، باياناتچى.

الْمُعْتَزِلِيّ الْمُتَكَلِّمُ: ئىلمى كالام بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇئتەزىلى.

مُتَلَاحِزٌ مِنَ الْأَشْجَارِ: چىرمىشىپ كەتكەن دەرەخلەر.

مُتَلَاحِقٌ ج مُتَلَاحِقُوْنَ: ئارقىمۇئارقا كەلگۈچىلەر.

أَعْمَالٌ مُتَلَاحِقَةٌ: ئۈزۈلمەس خىزمەتلەر.

رِيَاضِيُّوْنَ مُتَلَاحِقُوْنَ: يېتىشىۋالغۇچى تەنھەرىكەتچىلەر.

مُتَلَازِمٌ: مۇلازىم، ئايرىلالمايدىغان، خىزمەتكار.

مُتَلَاشٍ: يوقالغۇچى، ھالاك بولغۇچى، مۇنقەرز بولغۇچى.

مِتْلَافٌ: بۇزغۇنچى، ھالاك قىلغۇچى.

مِتْلَافُ وَقْتٍ: ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغۇچى.

مُتَلَأْلِئٌ: يالتىراق، پارقىراق، پىلىلداپ تۇرغان، جىمىرلاۋاتقان، نۇر چېچىپ تۇرغان، يورۇق، نۇرلۇق، جىلۋىلىك.

مُتَلَبِّدٌ: كىرىشىپ كەتكەن، چىگىچ.

«سُحُبٌ مُتَلَبِّدَةٌ»: گىرەلىشىپ كەتكەن بۇلۇتلار.

سَمَاءٌ مُتَلَبِّدَةٌ: بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن ئاسمان.

مُتَلَبِّسٌ ج مُتَلَبِّسُوْنَ: كىيىم كىيگەن.

مُتَلَبِّسٌ بِجَرِيْمَةٍ: جىنايەت ئۆتكۈزگەن.

«أُلْقِيَ عَلَيْهِ الْقَبْضُ وَهُوَ مُتَلَبِّسٌ بِجَرِيْمَةِ الْقَتْلِ»: ئۇ

قاتىللىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا قولغا ئېلىندى.

مُتَلَثِّمٌ: شارپا بىلەن ئېغىز-بۇرنىنى يۆگىۋالغۇچى.

مُتَلَدِّدٌ ج مُتَلَدِّدُوْنَ: جېدەل-ماجىراچى، بەك تالاش-تارتىش قىلىدىغان.

مُتَلَذِّذٌ ج مُتَلَذِّذُوْنَ: ھوزۇرلانغۇچى.

مُتَلَذِّذٌ بِمَنَاظِرِ الطَّبِيْعَةِ: تەبىئەت مەنزىرىلىرى بىلەن ھوزۇر ئالغۇچى.

مُتَلَعْثِمٌ: دۇدۇقلىغۇچى، كېكەچ، دۇدۇقلايدىغان.

مُتْلِفٌ: بۇزغۇچى، بۇزغۇنچى؛ زىيانلىق؛ زىيان-زەخمەت يەتكۈزگۈچى.

مُتْلَفٌ: ۋەيران قىلىنغان، زەخمىلەنگەن، بۇزۇلغان.

مَتْلَفٌ، مَتْلَفَةٌ ج مَتَالِفُ: بالا-قازا، ھالاكەت، ئۆلۈم.

مَسْرَحِيَّةٌ مُتَلْفَزَةٌ: تېلېۋىزىيە تىياترى.

مُتَلَوِّنٌ: رەڭلىك، بوياقلىق، سىرلىق، رەڭگى ئۆزگىرىشچان، بويالغان، رەڭ بېرىلگەن.

حَرِيْرٌ مُتَلَوِّنٌ: پارقىراق تاۋار.

مُتَلَهِّفٌ: تەشنا بولغان، خۇمار بولغان، ئىنتىزار بولغان، مەستانە، ئارزۇمەنـد، ھەۋەس قىلغۇچى.

مُتَلَهِّفٌ إِلَى مُطَالَعَةِ الْقِصَصِ: ھېكايە ئوقۇش مەستانىسى.

مُتَلَّهٍ عَنْ: يۈز ئۆرۈگۈچى.

التِّلْمِيْذُ مُتَلَّهٍ عَنْ سِمَاعِ الدَّرْسِ: شاگىرت دەرس ئاڭلاشتىن يۈز ئۆرۈگۈچىدۇر.

مَتْلُوْفٌ: بۇزۇلغان، ۋەيران قىلىنغان، بۇزۇپ چېچىلغان.

مَتْلُوْهُ الْعَقْلِ: ھەيرەتتە قالغۇچى، ئەقلى قاچقۇچى، پىكرى بۆلۈنگۈچى.

مُتَمَاسِكٌ: بىرلەشكۈچى، ئىتتىپاقلاشقۇچى، ئۇيۇشقۇچى.

مُتَمَدِّيِنٌ: مەدەنىي، گۈللەنگەن، مەدەنىيەتلىك.

مُتَمَرِّدٌ: ئاسىيلىق قىلغۇچى، قارشىلىق قىلغۇچى.

مُتَمَرِّضٌ: ئاغرىقچان، كېسەلچان، كېسەل كۆرۈنىسى.

مُتَمَرِّنٌ: چېنىققان، ئىش كۆرگەن، تەجرىبىلىك، تەدبىرلىك.

مُتَمَسِّكٌ: چىڭ تۇتقۇچى، ئېسىلغۇچى، بىرلەشكۈچى، ئىتتىپاقلاشقۇچى.

مُتَمَعِّجٌ: ئەگرى-بۈگرى، ئەگرى توقاي، قىڭغىر-سىڭغىر.

مُتَمَغِّطٌ: يېپىشقاق.

مُتَمَكِّنٌ: مۇستەھكەم، پۇختا.

مُتَمَلِّقٌ: تەخسىكەش، خۇشامەتچى.

مُتَمِّمٌ: تولۇقلىغۇچى، ئورۇنلىغۇچى، تاماملىغۇچى.

مُتَمَّمٌ: ئورۇنلانغان، تاماملانغان.

يَمِيْنٌ مُتَمِّمَةٌ: تولۇقلىما قەسەم.

مُتَمَنٍّ: ئارزۇ قىلغۇچى، ئۈمىد قىلغۇچى، ئۈمىدۋار.

مُتَمَنِّيَاتٌ: تىلەك، ئارزۇ، ئۈمىد.

مُتَمَهِّلٌ: ئاستا، سۆرەلمە، مىسمىس.

مُتَمَوِّجٌ: دولقۇنلىغۇچى، دولقۇنلاپ تۇرغان، ئۆركەشلىگۈچى، مەۋج ئۇرغۇچى.

مُتَمَوِّلٌ: كاپىتالىست، مالدار، پۇلدار، باي.

مُتَمَيِّزٌ: پەرقلىق، ئالاھىدە بولغۇچى، ئايرىلغۇچى.

مَتُنَ يَمْتُنُ مَتَانَةً: مۇستەھكەم بولدى، پۇختا بولدى، قاتتىق بولدى، چىڭ، مەزمۇت بولدى.

مَتْنٌ ج مِتَانٌ وَمُتُوْنٌ: دۈمبە، كەينى، ئۈچا.

مَتْنُ الطَّرِيْقِ: يول يۈزى، يول ئۈستى.

مَتْنُ اللُّغَةِ: لۇغەت تەركىبى، لېكسىكا.

عَلَى مَتْنِ الطَّائِرَةِ: ئايروپىلان ئۈستىدە.

«مَتْنُ الْكِتَابِ»: كىتابنىڭ تېكىستى.

سَارَ مَتْنَ النَّهَارِ: كۈن بويى ماڭدى.

مُتَنَاثِرٌ: چېچىلىپ كەتكەن، ئايرىلىپ كەتكەن.

سَقَطَ مُتَنَاثِرًا: چېچىلىپ كەتتى.

قَبَائِلُ مُتَنَاثِرَةٌ: تارقاق قەبىلىلەر.

مُتَنَازِلٌ: ئۆتۈنۈپ بەرگۈچى.

مُتَنَازِلٌ عَنْ حَقِّهِ: ھەققىدىن ۋاز كەچكۈچى.

مُتَنَازَلٌ: ئۆتۈنۈپ بېرىلگەن.

مُتَنَاسِبٌ: مۇۋاپىق، ماس، لايىق.

مُتَنَاسِبُ الْأَعْضَاءِ: ئەزالىرى ماس كەلگەن.

مُتَنَافِرٌ: قارىمۇقارشى، بىر-بىرىگە زىت.

مُتَنَاقِصٌ: كېمىيىۋاتقان، ئازلاۋاتقان.

مُتَنَاقِضٌ: ئۆزئارا زىت، بىر-بىرىگە زىت، قارىمۇقارشى.

مُتَنَاهٍ: چەكلىك، يۇقىرى پەللە، ئاخىرقى نۇقتا، ئىنتايىن.

غَيْرُ مُتَنَاهٍ: چەكسىز، تۈگىمەس، ئاخىرى يوق.

«مَوْضُوعٌ مُتَنَاهٍ»: ئاخىرىغا يەتكەن تېما.

«قِطَارٌ مُتَنَاهٍ فِي السُّرْعَةِ»: ئىنتايىن تېز پويىز.

«مَقَالَةٌ مُتَنَاهِيَةٌ فِي الدِّقَّةِ»: ئىنتايىن ئىنچىكە ماقالە.

مُتَنَاوِبٌ: ئالماشقان، ئالمىشىۋاتقان، نۆۋەتچى، ئالماشقۇچى.

«تَيَّارٌ كَهْرَبَائِيٌّ مُتَنَاوِبٌ»: ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئېلېكتر دولقۇنى.

«زِيَارَاتٌ مُتَنَاوِبَةٌ»: ئۆزئارا بېرىپ-كېلىشلەر.

مُتَنَاوَلٌ: يېتىپ بارغىلى بولىدىغان جاي (دائىرە)، ئاسان، ئوڭاي.

فَوْقَ مُتَنَاوَلِ الظُّنُونِ وَالشُّبَهَاتِ: شەك - شۈبھىسىز، گۇمانلىنىشقا بولمايدىغان.

«هَذَا الْأَمْرُ فِي مُتَنَاوَلِهِ»: بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاسان.

«فِيْ مُتَنَاوِلِ يَدِهِ»: ئۇنىڭ ئىلكىدە.

«مَوْضُوعٌ فِي مُتَنَاوَلِ الْجَمِيْعِ»: ھەممەيلەنگە ئاسان

تېما.

مُتَنَبِّئٌ: پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغۇچى، ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغۇچى، ئالدىن خەۋەر بەرگۈچى.

مُتَنَبِّئٌ جَوِّيٌّ: ھاۋا رايىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگۈچى.

الْمُتَنَبِّئُ: مەشھۇر ئەدىب شائىر ئەبۇ تەييىب مۇتەنەببىنىڭ لەقىمى.

مُتَنَبِّهٌ: ئويغاق، سەگەك، ھوشيار، سەزگۈر، تېتىك، ئېھتىيات قىلغۇچى.

مُتَنَزَّهٌ ج مُتَنَزِّهَاتٌ: ئوينايدىغان يەر، تاماشا قىلىدىغان يەر، سەيلىگاھ.

«مُتَنَزَّهُ الْأَطْفَالِ فِي الْحَدِيْقَةِ الْعُمُوْمِيَّةِ»: ئامىۋى باغچىدىكى باللار ئوينايدىغان يەر.

مُتَنَصِّتٌ: ئوغرىلىقچە قۇلاق سالغۇچى، ئوغرىلىقچە تىڭشىغۇچى.

مُتَنَطِّعٌ ج مُتَنَطِّعُوْنَ: شاللاق ياش.

فَتَاةٌ مُتَنَطِّعَةٌ: شاللاق قىز.

«هَلَكَ الْمُتَنَطِّعُوْنَ» ‹حديث›: «سۆز-ھەرىكەتتە چوڭقۇرلىشىمەن دەپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى».

مُتَنَفِّسٌ: تىنىغۇچى، نەپەس ئالغۇچى.

مُتَنَقِّلٌ: كۆچمەن، سەييارە.

«مُسْتَشْفَى مُتَنَقِّلٌ»: سەييارە دوختۇرخانا.

«مَعْرِضٌ مُتَنَقِّلٌ»: كۆچمە كۆرگەزمىخانا.

«مَكْتَبَةٌ مُتَنَقِّلَةٌ»: سەييارە كىتابخانا.

«الْأَعْرَابُ الْمُتَنَقِّلُوْنَ»: كۆچمەن ئەرەبلەر.

مُتَنَكِّرٌ: گىرىم قىلغان، يالغاندىن ياسانغان، نىقاپلىنىۋالغان.

مُتَنَوِّرٌ: مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر، زىيالىي، ئوقۇمۇشلۇق، ئىلغار.

مُتَنَوِّعٌ: خىلمۇخىل، ھەر خىل، رەڭگارەڭ.

مَكَانٌ مُتَنَوِّعٌ: يىراق جاي.

مُتَهَاوِدٌ: ئادىل، مۇۋاپىق، ھەققانىيەتچى.

أَسْعَارٌ مُتَهَاوِدَةٌ: ئادىل باھا.

مُتَهَتِّكٌ: نومۇسسىز، بىھايا، شەرمەندە، رەسۋا.

مُتَهَتِّكٌ فِي سُلُوكِهِ: ساياق، ھاياسىز.

مُتَهَدِّجٌ: تىترىگۈچى.

مُتَهَدِّمٌ: بۇزغۇنچى، ۋەيران قىلغۇچى.

مُتَهَدَّمٌ: بۇزۇلغان، خاراب بولغان.

مُتَهَذِّبٌ: تەربىيىلەنگەن، سەۋىيىلىك، ئەدەپلىك، مەدەنىيەتلىك.

مُتَهَذَّبٌ: تەربىيىلەنگەن، ئەدەپلىك.

مُتَهَكِّمٌ ج مُتَهَكِّمُوْنَ: مەسخىرىۋاز، مازاق قىلغۇچى، ساتىرىچى.

صَحَفِيٌّ مُتَهَكِّمٌ: ھەجۋىي ژۇرنالىست.

مُتَهَلِّلٌ: يورۇغۇچى، چاقنىغۇچى.

مُتَهَلِّلُ الْوَجْهِ: خۇش چىراي، ئوچۇق چىراي.

«فَتَاةٌ مُتَهَلِّلَةٌ لِنَجَاحِهَا فِي الْإِمْتِحَانِ»: ئىمتىھاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ خۇشاللىقىدىن چىرايى يورۇپ كەتكەن قىز.

مُتَهَوِّرٌ: شاللاق، يەڭگىل، قارام، بىشەم، تەنتەك.

مُتَهَوِّسٌ: ساراڭ، مەجنۇن.

مُتَهَيِّجٌ ج مُتَهَيِّجُوْنَ: غەزەپلەنگۈچى.

مُتَهَيِّعٌ: تېگىرقاپ قالغۇچى، يامانلىققا ئالدىرىغۇچى.

مُتَوَاتِرٌ: تۇتاشقان، ئۇلاشقان، ئارقىمۇئارقا، داۋاملاشقان.

مُتَوَازِنٌ: تەكشى، تەڭپۇڭ، ئۆلچەنگەن، قايىللىك.

مُتَوَازٍ (الْمُتَوَازِيْ): تەڭ، تەڭداش.

مُتَوَازِي الْأَضْلَاعِ: پاراللېل تۆت تەرەپلىك.

الْمُتَوَازِيَانِ: قوش تورنىك.

مُتَوَاصِلٌ: ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق، توختىماستىن.

مُتَوَافِرٌ: كۆپ، مول، يېتەرلىك، تولۇق.

غَيْرُ مُتَوَافِرٍ: يېتەرسىز.

مُتَوَالٍ: پەيدىنپەي، ئارقىمۇئارقا، داۋاملىق ئۈزلۈكسىز.

مُتَوَانٍ: سەل قارىغۇچى، كېچىكتۈرگۈچى، بوشاڭلىق قىلغۇچى، لايغەزەل.

مُتَوَتِّرٌ: جىددىي، كەسكىن، چىڭىتىلغان، باغلانغان، تارتىلغان.

مَوْقِفٌ سِيَاسِيٌّ مُتَوَتِّرٌ: جىددىي سىياسىي مەيدان.

أَعْصَابٌ مُتَوَتِّرَةٌ: جىددىيلەشكەن نېرۋىلار.

مُتَوَحِّدٌ: بىردىنبىر، يېگانە، بويتاق.

مُتَوَحِّشٌ: ياۋايى، مەدەنىيەتسىز، ياۋۇز، ۋەھشىي يىرتقۇچ.

مُتَوَرِّدٌ: قىزىلگۈلدەك، ئەتىرگۈلدەك، قىزىل.

وَجْهٌ مُتَوَرِّدٌ: قىزىلگۈلدەك چىراي.

مُتَوَسِّطٌ: ئوتتۇرىدىكى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك.

حَجْمٌ مُتَوَسِّطٌ: ئوتتۇرا تىپلىق.

فِي مُتَوَسِّطِ كَذَا: ئوتتۇرىدا، مەركىزىدە.

فِي مُتَوَسِّطِ الظَّلَامِ: قاراڭغۇدا.

فِي مُتَوَسِّطِ اللَّيْلِ: يېرىم كېچىدە.

فِي مُتَوَسِّطِ الْمَدِيْنَةِ: شەھەر مەركىزىدە.

اَلْبَحْرُ الْأَبْيَضُ الْمُتَوَسِّطُ: ئوتتۇرا دېڭىز.

مُتَوَسِّطُ الْقَامَةِ: ئوتتۇرا بوي.

مُتَوَسِّطُ الْحَالِ: ئوتتۇرا ھال.

مُتَوَسِّطُ الْعُمْرِ: ئوتتۇرا ياش.

اَلْمَوْجَةُ الْمُتَوَسِّطَةُ فِي الْإِذَاعَةِ: رادىئونىڭ ئوتتۇرا دولقۇنى.

مُتَوَسِّطِيٌّ: ئوتتۇرىغا مەنسۇپ.

مُنَاخٌ مُتَوَسِّطِيٌّ: نورمال ھاۋا كىلىماتى.

مُتَوَسِّمٌ ج مُتَوَسِّمُوْنَ: ئىنچىكە كۆزەتكۈچى، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلغۇچى.

﴿إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْمُتَوَسِّمِينَ﴾ «قۇرئان»: ئۇنىڭدا

كۆزەتكۈچىلەر ئۆچۈن ھەققەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار.

مُتَوَضَّأ: تاھارەت ئالىدىغان جاي، خالا جاي.

مُتَوَطِّدٌ: ئىزچىل، پۇختا.

مُتَوَعِّكٌ: ساقسىز، كەيپسىز.

مُتَوَفِّقٌ: ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈلدىكىدەك.

مُتَوَفِّقٌ: ئوڭۇشلۇق، ئۇتۇق قازانغۇچى.

مُتَوَفِّي: ۋاپات تاپتۇرغۇچى.

﴿إِنِّي مُتَوَفِّيكَ وَرَافِعُكَ إِلَيَّ﴾ «قۇرئان»: مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن).

مُتَوَفَّى: ئۆلگۈچى، ۋاپات بولغان ئادەم.

فُلاَنٌ الْمُتَوَفَّى سَنَةَ كَذَا: پالانى مۇنچىنچى يىلى ۋاپات بولغان.

مُتَوَقِّدٌ: يانغۇچى، كۆيگۈچى.

مُتَوَقِّدُ الذِّهْنِ: زېھنى ئۆتكۈر.

مُتَوَقِّعٌ: ئارزۇ قىلىنغان، ئۈمىد قىلىنغان.

مُتَوَكِّلٌ ج مُتَوَكِّلُونَ: ئىشەنگۈچى، يۆلەنگۈچى.

﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُتَوَكِّلِينَ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

مُتَوَلٍّ (الْمُتَوَلِّي) ج مُتَوَلِّيُونَ: مەسئۇل باشقۇرغۇچى، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، مۇتىۋەللى.

مُتَوَلِّي أَعْمَالِ الشِّرْكَةِ: شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

الْمُتَوَلِّي أَمْرَ الْيَتِيمِ: يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى.

مُتَوَهِّجٌ: يېنىپ تۇرغان، كۆيۈپ تۇرغان، پارلاپ تۇرغان.

شَمْسٌ مُتَوَهِّجَةٌ: پارقىراپ تۇرغان قۇياش.

مُتَوَّلٌ: سېھىرلەنگەن، جادۇ قىلىنغان، قايمۇقتۇرۇلغان.

مُتَوَّجٌ: تاج كىيدۈرۈلگەن، تاجدار.

مَتَى: قاچان؟

حَتَّى مَتَى: قاچانغىچە؟ قاچانغىچىلىك؟

مَتَى تَذْهَبُ أَذْهَبْ: سەن قاچان بارساڭ مەنمۇ شۇ چاغدا بارىمەن.

«مَتَى زَارَكَ الضَّيْفُ؟»: مېھمان ساڭا قاچان كەلدى.

مِتْيَاحٌ: بەلگىلەنگەن، مەھكۇم قىلىنغان.

مُتِيحٌ: ئاقساقال، يېتىم ئاقساقال، ئۆزگىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىشىۋالىدىغان ئادەم.

مُتَيَسِّرٌ: ئاسان، قولاي، ئاسان ئىرىشكىلى بولىدىغان.

مَتِينٌ ج مِتَانٌ: مۇستەھكەم، پۇختا، چىڭ، مەزمۇت، قەيسەر، كۈچلۈك، قاۋۇل.

«رَجُلٌ مَتِينُ الْعَضَلاَتِ»: مۇسكۇللىرى چىڭ ئادەم.

«حَبْلٌ مَتِينٌ»: پۇختا ئېشىلگەن ئارغامچا.

«عَلاَقَةٌ مَتِينَةٌ»: مۇستەھكەم ئالاقە.

هَذِهِ الْجَوَارِبُ مَتِينَةٌ قَوِيَّةٌ: بۇ پايپاقلار ناھايىتى پىششىق.

الْمَتِينُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ چەكسىز قۇدرەتلىك ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿إِنَّ اللَّهَ هُوَ الرَّزَّاقُ ذُو الْقُوَّةِ الْمَتِينُ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، قۇۋۋەتتى ئارتۇقتۇر.

مَتِيهَةٌ: سەرلىق ئورۇن، تىلسىمات، ئېزىتقۇلۇق جاي، ئادىشىپ قالىدىغان جاي.

مُتَهَيِّجٌ: ھاياجانلانغۇچى، تەسىرلەنگۈچى.

مُتَيَّمٌ: مۇھەببەتنىڭ قۇلى، ئاشىق، بىقارار.

«مَسْرَحِيَّةُ مَجْنُون لَيْلَى مَبْنِيَّةٌ عَلَى قِصَّةِ شَاعِرٍ عَرَبِيٍّ مَاتَ مُتَيَّمًا»: لەيلى - مەجنۇن تىياتىرى بولسا

ئاشىق-بىقارار بولۇپ ئۆلگەن ئەرەب شائىرنىڭ قىسسىسىنى ئاساس قىلغان.

مَثَابٌ، مَثَابَةٌ: يىغىن مەيدانى، يىغىلىدىغان جاي؛ دەرىجە؛ سەۋىيە.

اَلْعُلَمَاءُ مِنَ الْأُمَّةِ بِمَثَابَةِ الْقَلْبِ: بىر مىللەتنىڭ ئۆلىمالىرى بەدەندىكى يۈرەكنىڭ ئورنىدا.

«قَدْ اِتَّخَذْتُ هَذَا الْمَنْزِلَ مَثَابَةً لِي مُنْذُ أَعْوَامٍ»: بۇ خانىنى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۆي قىلىۋالدىم.

﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً﴾ «قرآن»: ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق.

بِمَثَابَةِ كَذَا: بىلەن تەڭ.

مُثَابِرٌ: سەۋرچان؛ چىداملىق، تىرىشچان، ئىگىلمەس-سۇنماس، هارماس.

مُثَابَرَةٌ: سەۋرچانلىق؛ قەتئىيلىك؛ چىداملىق.

«يَجِبُ التَّحَلِّي بِرُوحِ الْمُثَابَرَةِ»: چىداملىق روهىنى ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك.

إِنَّ الْمُثَابَرَةَ عَلَى الْعَمَلِ سِرٌّ مِنْ أَسْرَارِ النَّجَاحِ فِي الْحَيَاةِ: خىزمەتنى هارماي-تالماي ئىشلەش ئىنسان هاياتىدىكى نەتىجە قازىنىشنىڭ سىرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

مَثَاثٌ: چاچ مىيى، گىرىم بويۇملىرى، يۈز مىيى.

مَثَارٌ: ئىلهام بەرمەك، رىغبەتلەندۈرمەك.

مَثَارُ الْبَحْثِ: بەس-مۇنازىرىنىڭ سەۋەبى.

مَثَارُ النِّزَاعِ: جېدەل-ماجىرانىڭ سەۋەبى.

«كَانَ الْأَمْرُ مَثَارَ جِدَالٍ وَنِزَاعٍ»: بۇ ئىش جېدەل-ماجىراغا سەۋەب بولدى.

مِثَالٌ ج أَمْثِلَةٌ وَمُثُلٌ: مىسال، تەمسىل.

«مِثَالٌ أَعْلَى»: يۈكسەك ئۈلگە.

«يَعْمَلُ عَلَى مِثَالِ فُلَانٍ»: ئۇ پالاننى ئۈلگە قىلىپ ئىشلەيدۇ.

«هِيَ مِثَالُ النَّشَاطِ وَالدِّقَّةِ»: ئۇ پائالىيەتچانلىق ۋە ئىنچىكىلىكنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

«سَاقَهُ عَلَى سَبِيلِ الْمِثَالِ»: ئۇنى مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈردى.

مِثَالٌ بَيَانِيٌّ: مىسال، ئۈلگە، نەمۇنە، دەلىل-ئىسپات.

«عَلَى مِثَالِهِ»: ئۇنى دوراپ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ.

مِثَالٌ لِلْعِبْرَةِ: ئىبرەتلىك، تەجرىبە-ساۋاقلىق.

«مُثُلٌ عُلْيَا»: يۈكسەك ئۈلگىلەر.

مَثَالَةٌ: ئارتۇقلۇق، ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەللىك، ئېسىللىك، ئۈستۈنلۈك.

مَثَالَةٌ ج مَثَالَاتٌ وَمَثَائِلُ: تاپشۇرۇق، دەرس، ساۋاق.

مِثَالِيٌّ: نەمۇنىلىك، ئۈلگىلىك.

«الْمَذْهَبُ الْمِثَالِيُّ»: ئىدېئالىزم.

مِثَالِيَّةٌ: ئىدېئالىستىك، ئىدېئالىزم.

«فَيْلَسُوفٌ مِنْ دُعَاةِ الْمِثَالِيَّةِ»: ئىدېئالىزم تەرەپدارلىرىدىن بولغان پەيلاسوپ.

مَثَانَةٌ ج مَثَانَاتٌ: دوۋساق.

الْمَثَانِي: قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى، سۈرە فاتىھەنىڭ ئايەتلىرى.

﴿وَلَقَدْ آتَيْنَاكَ سَبْعاً مِّنَ الْمَثَانِي وَالْقُرْآنَ الْعَظِيمَ﴾ «قرآن»: بىز ساڭا فاتىھەنىڭ يەتتە ئايىتىنى ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى بەردۇق.

مَثَانِيُّ الشَّيْءِ: قابىلىيىتى، كۈچى، ئىقتىدارى.

مَثَانِيُّ مِنَ الدَّابَّةِ: هايۋاننىڭ تىزى.

مُثَوِّبٌ: ئەسنىگۈچى.

مُثَبَّتٌ: مۇقىم، تۇراقلاشقان.

مُثَبِّطٌ: توسقۇنلۇق قىلىدىغان.

مُثَبِّطُ الْعَزْمِ: ئىرادىنى بوشىتىۋەتكۈچى، روهنى

چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان.

مُثَبِّطٌ (فِي الْكِيمِيَاءِ): خىمىيىلىك ئۆزگىرىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ماددا.

مُثَبِّطٌ (فِي الطِّبِّ): كېسەلنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى سۇسلاشتۇرىدىغان دورا.

«الْأَحْسَاسُ الْمُثَبِّطُ لِلْهِمَمِ هُوَ أَنْ يَرَى الشَّبَابُ أَمَلَهُمْ خَارِجَ بِلَادِهِمْ لَا دَاخِلِهَا»: ياشلارنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئىچىگە ئەمەس، سىرتىغا ئىنتىلىشى ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇۋېتىدىغان تۇيغۇدۇر.

مُثْبَتٌ: ئىنكار قىلىنمايدىغان.

كَلَامٌ مُثْبَتٌ: غەيرىي ئىنكارى سۆز.

مَثْبَنَةٌ ج مَثَابِنُ: قول سومكىسى.

مَثْبُوتٌ: ئىسپاتلانغان، ئېتىراپ قىلىنغان.

مَثَّالٌ: ھەيكەلتاراشلىق.

مَثَّلَ يُمَثِّلُ تَمْثِيلًا: ئوخشاتتى، مىسال قىلدى.

«مَثَّلَ بِهِ»: ئۆلگە قىلدى، تەقلىد قىلدى، ئۈرنەك قىلدى، نەمۇنە قىلدى.

مَثَلَ بِهِ: زەخىملەندۈردى، ناكار قىلدى، چىرايىنى بۇزدى.

مَثَّلَ التِّمْثَالَ: ھەيكەل ياسىدى، ھەيكەل ئويدى، ھەيكەل ياراتتى، ھەيكەل ئىجاد قىلدى.

مَثَّلَ الشَّيْءَ لِفُلَانٍ: تەسۋىرلىدى، سۈرەتلىدى، سۈرەتلەپ بەردى، ئوخشاتتى.

مَثَّلَ فُلَانًا: پالانىنى ۋەكىل قىلدى، ۋاكالەتلىك قىلدى.

مَثَّلَ مَثَلًا: مىسال كەلتۈردى، مىسال قىلدى، مىسال بەردى، تەمسىل قىلدى.

مَثَّلَ رِوَايَةً: رول ئالدى، رولغا چىقتى.

«مَثَّلَ الزُّرْقَةَ بِالسَّمَاءِ»: كۆكلۈكنى ئاسمانغا ئوخشاتتى.

«مَثَّلَ الْمَسْرَحِيَّةَ»: تىياتىر قويدى.

«مَثَّلَ دَوْرَ السُّلْطَانِ»: سۇلتاننىڭ رولىنى ئالدى.

«مَثَّلَ قَوْمَهُ فِي دَوْلَةٍ أَوْ مُؤْتَمَرٍ»: دۆلەت ياكى يىغىندا ئۆز قوۋمىغا ۋەكىللىك قىلدى.

«مَثَّلَ السَّفِيرُ دَوْلَتَهُ فِي إِجْتِمَاعِ مُنَظَّمَةِ الْمُؤْتَمَرِ الْإِسْلَامِيِّ»: ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى يىغىنىدا كونسۇل دۆلىتىگە ۋەكىللىك قىلدى.

«مَثَّلَ الْمُحَامِيَ مَصَالِحَ الشَّرِكَةِ الْفُلَانِيَّةِ»: ئادۋوكات پالانى شىركەتنىڭ پايدىسىغا قانۇنىي ۋەكىل بولدى.

«مَثَّلَ بِهِ أَشْنَعَ تَمْثِيلٍ»: ئۇنى قاتتىق قىينىدى.

مُثْرٍ: باي، مالدار، زەردار، دۆلەتمەن.

مُثْعَلِبٌ: تۈلكىلىك.

أَرْضٌ مُثْعَلِبَةٌ: تۈلكىلىك جاي.

مِثْقَابٌ ج مَثَاقِيبُ: ئۈشكە، بۇرغا، ئىسكىنە.

مِثْقَالٌ ج مَثَاقِيلُ: مىسقال (ئېغىرلىق ئۆلچىمى، 4.68 گىرامغا تەڭ).

مِثْقَالُ ذَرَّةٍ: قىلچىلىك، ئازغىنە، زەررىچە، كىچىككىنە.

﴿إِنَّ اللّٰهَ لَا يَظْلِمُ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ.

أَلْقَى عَلَيْهِ مَثَاقِيلَهُ: ئۇنىڭغا ئېغىرلىقىنى ئارتتى، ئېغىرلىقىنى سالدى.

مِثْقَبٌ ج مَثَاقِبُ: ئۈشكە، بۇرغا، ئىسكىنە.

مُثَقَّفٌ ج مُثَقَّفُونَ: زىيالىي، ئىلمىي ساھەدىكىلەر، ئەدەپلىك، مەدەنىيەتلىك، تەربىيىلەنگەن، تەربىيە كۆرگەن.

الطَّبَقَةُ الْمُثَقَّفَةُ: زىيالىيلار قاتلىمى.

مُثْقَلٌ: ئېغىر يۈك؛ تولدۇرۇلغان، ئارتىلغان.

مَثْقُوبٌ: تېشىلگەن، تۆشۈك.

مُثْكَلَةٌ: ئايرىلىشقا سەۋەب بولىدىغان.

مَثَلَ يَمْثُلُ مُثُولًا فُلَانًا: پالانىغا ئوخشىدى، ئوخشاپ كەتتى، ناھايىتى ئوخشىدى.

مَثَلَ الْقَمَرُ: ئاي كۆرۈندى، زاھىر بولدى، نامايان

بولدى، ئايان بولدى.

«مَثَلَ التَّمَاثِيلَ»: ھەيكەل ياسىدى.

«مَثَلَ الشَّخْصَ بَيْنَ يَدَيْ فُلَانٍ»: پالانىنىڭ ئالدىدا تىك تۇردى.

مَثَلَ يَمْثُلُ مُثُولًا الشَّخْصُ بَيْنَ يَدَيْ فُلَانٍ: پالانىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇردى، توختىدى.

مَثَلَ بِحَضْرَتِهِ: ئۇنىڭ قېشىغا باردى.

مِثْلٌ ج أَمْثَالٌ: ئوخشىشى، مىسلى، ئوخشاش.

بِالْمِثْلِ: شۇنداق، ئوخشاش، بىردەك، بىر خىل.

مِثْلَ مَا: شۇنىڭدەك، شۇنداقلا، خۇددى.

مِثْلُهُ: شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

«فِي مِثْلِ هَذِهِ الْأَحْوَالِ»: بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا.

«مُقَابَلَةُ الْمِثْلِ بِالْمِثْلِ»: ئىنتىقام ئالماق، ئۆچ ئالماق، قىساس ئالماق، ئەنت ئالماق.

«مَبْدَأُ مُقَابَلَةِ الْمِثْلِ بِالْمِثْلِ»: ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى، باراۋەرلىك پرىنسىپى.

مَثَلٌ ج أَمْثَالٌ: تەمسىل، ماقال، ئىبرەت، مىسال، مەشھۇر سۆز، ھېكمەتلىك سۆز، ئۈلگە.

مُخَالَصَةٌ ج مُخَالَصَاتٌ: قەرز قايتۇرغانلىق ھەققىدە قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن ئالىدىغان ھۆججەت.

«إِسْتَرَدَّ الدَّائِنُ دَيْنَهُ وَأَعْطَى الْمَدِيْنَ مُخَالَصَةً»: قەرز بەرگۈچى بەرگەن قەرزىنى قايتۇرۇۋېلىپ قەرزدارغا ھۆججەت بەردى.

مُخَالَطَةٌ: ئارىلاشماق.

«مُخَالَطَتُكَ الْأَخْيَارَ تُكْسِبُكَ عَادَاتِهِمْ»: ياخشىلارغا ئارىلاشساڭ ئۇلارنىڭ ئادىتىنى ئۆگىنىسەن.

مُخَالِفٌ: قارشى تۇرغۇچى، قارشىلاشقۇچى، ئاسىيلىق قىلغۇچى، يەرقلىق.

مُخَالَفَةٌ: خىلاپلىق قىلماق، قارشى تۇرماق، قوشۇلماسلىق، بويسۇنماسلىق.

«حَرَّرَ الشَّرْطِيُّ مُخَالَفَةً لِلسَّائِقِ»: ساقچى قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان شوپۇرغا چارە كۆردى.

مَخْبَأٌ ج مَخَابِئُ: يوشۇرۇنىدىغان جاي، پاناھلىنىدىغان ئورۇن، پاناھگاھ، ئاكوپ.

مَخْبَأٌ لِلْوِقَايَةِ: مۇداپىئەلىنىش ئورنى.

«اِحْتَمَيْنَا بِالْمَخْبَأِ حِينَ اِشْتَدَّ الْقَصْفُ الْجَوِّيُّ»: بومباردىمان كۈچەيگەن چاغدا بىز پاناھلىنىش ئورنىدا ئۆزىمىزنى دالىدىغا ئالدۇق.

مِخْبَاطٌ: شوپۇك، شۇرۇق، (مېۋە قاقىدىغان تاياق).

مَخْبَايَةٌ ج مَخْبَايَاتٌ: مەخپىي جاي، بايلىق، مال-مۈلۈك، خەزىنە.

مُخَبَّأٌ: يوشۇرۇن، يوشۇرۇنغان.

«عَمَّا قَرِيبٍ سَتَتَكَشَّفُ لَكَ مُخَبَّآتُ الصُّدُورِ»: پات يېقىندا كۆڭۈلگە يوشۇرۇنغان سىرلار ئاشكارا بولىدۇ.

مُخَبَّبٌ: يوشۇرۇن، يوشۇرۇنغان.

مُخَبِّرٌ: مەلۇماتچى، ئالاقىچى، خەۋەرچى مۇخبىر.

مَخْبِرٌ ج مَخَابِرُ: تەجرىبىخانا، ماھىيىتى، ھەقىقىتى، ئىچكى كۆرۈنۈشى.

طَابَقَ مَخْبَرَهُ مَظْهَرَهُ: ئۇنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

مُخْبِرٌ: مۇخبىر، مەلۇماتچى، خەۋەرچى.

مَخْبَزٌ - مَخْبَزَةٌ ج مَخَابِزُ: تونۇر، ناۋايخانا، دۇخوۋكا.

«لَيْسَ الْمَخْبَزُ بَعِيدًا عَنْ دَارِنَا»: ناۋايخانا بىزنىڭ ئۆيىگە يىراق ئەمەس.

«اَنْتَشَرَتِ الْمَخَابِزُ الْآلِيَّةُ نَتِيجَةً لِنَقْصِ الْأَيْدِي الْعَامِلَةِ»: ئىشلەمچى قوللار كەملىكى

نەتىجىسىدە بولكىخانىلار كۆپەيدى.

مِخْبَطٌ: شوپۇك، مېۋە قاقىدىغان تاياق، شۇرۇق.

مَخْبُوءٌ: يوشۇرۇن.

مَخْبُوصٌ: ئارىلاشما.

مَخْبُولٌ ج مَخَابِلُ: ساراڭ، ئەقلىدىن ئازغان.

مُخْتَارٌ: تاللانغان، تاللاپ بېكىتىلگەن.

مُخْتَارٌ ج مُخْتَارَاتٌ: تاللانغان ئەسەر، تاللانما.

مُخْتَارَاتٌ شِعْرِيَّةٌ: تاللانغان شېئىرلار.

مُخْتَالٌ: ھاكاۋۇر، تەكەببۇر، مەنمەنچى.

مُخْتَبِئٌ: يوشۇرۇن يوشۇرۇنغۇچى.

مُخْتَبِرٌ: چېنىققان، تەجرىبىلىك، پىشقان.

مُخْتَبَرٌ ج مُخْتَبَرَاتٌ: تەجرىبىخانا.

يَذْهَبُ الْمَرِيضُ إِلَى الْمُخْتَبَرِ لِلْفَحْصِ: كېسەل تەكشۈرۈتۈش ئۈچۈن تەجرىبىخانىغا بارىدۇ.

مُخْتَبَرُ الْفَضَاءِ: ھاۋا بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى، كوسموس تەجرىبىخانىسى، ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىخانىسى.

مُخْتَبَرُ الْكِيمِيَاءِ: خىمىيە تەجرىبىخانىسى.

مُخْتَبَرُ الْفِيزِيَاءِ: فىزىكا تەجرىبىخانىسى.

الْمُخْتَبَرُ الطِّبِّيُّ: تېببىي تەجرىبىخانا.

مُخْتَبَرُ اللُّغَةِ: تىل تەجرىبە ئورنى، تىل مەشىق سىنىپى.

مُخْتَبَلٌ: ساراڭ، ئالجىپ قالغان.

مُخْتَبَلُ الْعَقْلِ: ئەقلىدىن ئازغان.

مُخْتَرِعٌ: كەشپىياتچى.

مُخْتَرَعٌ ج مُخْتَرَعَاتٌ: كەشپ قىلىنغان نەرسىلەر.

مُخْتَرَعَاتٌ عِلْمِيَّةٌ: ئىلمىي كەشپىيات.

مُخْتَصَرٌ: قىسقا، قىسقىچە، قىسقارتىلغان، ئىخچام، مېغىزلىق.

مُخْتَصٌّ: خاس، بولۇشقا تېگىشلىك، مۇۋاپىق، بەلگىلەنگەن، ئۇيغۇن.

الْهَيْئَاتُ الْمُخْتَصَّةُ: مەخسۇس ئورگان.

مُخْتَفٍ: يوشۇرۇن، مەخپىي.
مُخْتَلِسٌ: ئوغرى، قاراقچى، بۇلاڭچى.
مُخْتَلِطٌ: ئارىلىشىپ كەتكەن.
تَعْلِيمٌ مُخْتَلَطٌ: قىز ـ ئوغۇللار بىرلىكتە ئوقۇيدىغان مائارىپ.
مَحَاكِمٌ مُخْتَلَطَةٌ: ئارىلاشما سوت.
مُخْتَلِفٌ: ھەر تۈرلۈك، خىلمۇخىل، ئۆزگىرىشچان.
مُخْتَلِفٌ عَنْ: .... دىن پەرقلىق.
«جَاؤُوْا مِنْ مُخْتَلِفِ الْأَقْطَارِ / مِنْ أَقْطَارٍ مُخْتَلِفَةٍ»: ئۇلار تۈرلۈك جايلاردىن كەلدى.
مُخْتَلَفٌ عَلَيْهِ: ئىختىلاپلىق، زىددىيەتلىك.
مُخْتَلِقٌ: كەشپىياتچى، ئىجادىيەتچى.
مُخْتَلَقٌ: ئويدۇرۇلغان، ئويدۇرما، توقۇلما.
مُخْتَلَقَاتٌ: ئويدۇرما، توقۇلما.
مُخْتَلٌّ: كەمتۈك، ئەيىبلىك، ئەيىبناك، ئەيىبى بار، قالايمىقان.
مُخْتَلُّ الْعَقْلِ: ئەسەبىي، نېرۋىسىدىن ئازغان، ئەقلىدىن ئازغان، ئالجىغان.
مُخْتَنِقٌ: بوغۇلغان، تۇنجۇققان.
صَوْتٌ مُخْتَنِقٌ: بوغۇق ئاۋاز.
مَخْتُومٌ: تامغا بېسىلغان، مۆھۈر بېسىلغان، تامغىلىق.
الْمَخْتُومُ بِخَتْمِي: مېنىڭ تامغام بېسىلغان.
﴿يُسْقَوْنَ مِن رَّحِيقٍ مَّخْتُومٍ خِتَامُهُ مِسْكٌ﴾ «قرآن»: ئۇلار ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن سۇغىرىلىدۇ، ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ.
مَخْتُونٌ: خەتنە قىلىنغان.
مُخَثَّرٌ: قېتىشما، ئۇيۇتۇلغان نەرسە.
مُخْجِلٌ: خىجىل قىلغۇچى، ئۇيالدۇرغۇچى.
الْأَعْضَاءُ الْمُخْجِلَةُ: ئەۋرەت، ئۇياتلىق ئەزا.
مَخْجُولٌ نومۇسلۇق.

مُخٌّ ج أَمْخَاخٌ وَمِخَاخٌ وَمِخَخَةٌ: جەۋھەر، مېغىز.
مُخُّ الْعَظْمِ: يىلىك.
«الدُّعَاءُ مُخُّ الْعِبَادَةِ» «حديث»: دۇئا ـ ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر.
«لَا أَرَى لِأَمْرِكَ مُخًّا»: ئىشىڭدا ياخشىلىق يوق دەپ قارايمەن.
«هَذَا مُخُّ الْأَمْرِ»: بۇ ئىشنىڭ مۇھىم نوقتىسى.
الْمُخُّ الْإِلِكْتِرُونِيُّ: ئېلېكترونلۇق مېڭە، كومپيۇتېر.
مَخَّخَ يُمَخِّخُ تَمْخِيخًا: يىلىك ئالدى، يىلىك چىقاردى.
مَخَّطَ يُمَخِّطُ تَمْخِيطًا الْوَلَدَ: بالىنىڭ بۇرنىنى تاشلاتتى، مىشقىرتتى، پوتلىسىنى تازىلىدى.
مُخِّيٌّ: مېڭىنىڭ، مېڭىلىق.
نَزِيفٌ مُخِّيٌّ: مېڭىگە قان قۇيۇلۇش، مېڭىگە قان چۈشۈش، ئاپوپلېكسىيە، سەكتە (مېڭە، قان تومۇرلىرى جىددىي كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرىگە ئۇچراش — قانىلاش، تومۇلۇش، قېقىلىش سەۋەبىدىن يۈزبەرگەن ھوشسىزلىنىش ۋە پالەچلىنىش ئەھۋالى).
مِخَدَّةٌ ج مَخَادٌّ: تەكىيە، ياستۇق.
كِيسُ مِخَدَّةٍ: ياستۇق قېپى.
مُخَدِّرٌ: مەست قىلغۇچى.
مُخَدَّرٌ: ھوشسىزلاندۇرۇلغان، مەست قىلىنغان، سېزىمىنى يوقاتقان.
مُخَدِّرٌ ج مُخَدِّرَاتٌ: مەست قىلىش دورىسى، زەھەرلىك چېكىملىك، زەھەرلىك دورا، ناركوز قىلغۇچى، ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى.
الْإِدْمَانُ عَلَى الْمُخَدِّرَاتِ: زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۆگىنىپ قالماق، خۇمار بولماق.
تَهْرِيبُ الْمُخَدِّرَاتِ: زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى يوشۇرۇن كىرگۈزۈش.
مُكَافَحَةُ الْمُخَدِّرَاتِ: زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە

قارشى كۆرەش قىلىش.

مُخَدَّرَةٌ ج مُخَدَّرَاتٌ: ھوشسىزلاندۇرۇش نەتىجىسىدە سېزىمىنى يوقاتقۇچى ئايال، مەستۇرە ئايال.

مُخَدِّمٌ: تونۇشتۇرغۇچى، ۋاستىچى.

«أَقْصِدِ الْمُخَدِّمَ يُقَدِّمُ لَكَ الْخَادِمَ الَّذِي تُرِيدُهُ»: خىزمەت تونۇشتۇرغۇچىغا بارغىن! ئۇ ساڭا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتچىنى تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ.

مُخَدَّمٌ: چىقىرىۋېتىلگەن.

مَخْدَعٌ ج مَخَادِعُ: ياتاق ئۆي.

«إِقْتَحَمَ اللِّصُّ عَلَى الثَّرِيِّ مَخْدَعَهُ»: ئوغرى باينىڭ ياتىقىغا بېسىپ كىردى.

مَخْدُوشٌ: چىيىلگەن.

«هَذَا خَطٌّ مَخْدُوشٌ عَلَى الزُّجَاجِ»: بۇ ئەينەككە چىيىلگەن خەت.

مَخْدُوعٌ: ئالدانغان.

مَخْدُومٌ: خوجايىن، مۇكەممەل، پۇختا.

هَذَا مَقَالٌ مَخْدُومٌ: بۇ پۇختا يېزىلغان ماقالە.

مَخْدُومِيَّةٌ: خوجايىنلىق.

مَخْذُولٌ: تاشلىنىپ قالغان، تاشلاندۇق نەرسە.

مَخَرَ يَمْخُرُ وَيَمْخَرُ مَخْرًا وَمُخُورًا الْأَرْضَ: يەر ئاغدۇردى.

مَخَرَ السَّابِحُ: غولاچلاپ سۇ ئۈزدى.

مَخَرَتِ السَّفِينَةُ: كېمە دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

مِخْرَازٌ: ئۇشكە، بۇرغا، ئىسكىنە، بىگىز، دەرەش.

مِخْرَاطٌ ج مَخَارِيطُ: قىرىش ئىستانوكى.

مُخْرِبٌ: بۇزغۇنچى، خاراب قىلغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى.

مَخْرَجٌ ج مَخَارِجُ: چىقىش يولى، چىقىش ئېغىزى، ئېھتىيات ئىشىكى.

مَخْرَجٌ هِجَائِيٌّ: ھەرپلەرنىڭ چىقىدىغان جايى، تاۋۇش چىقىدىغان ئورۇن.

عِلْمُ مَخَارِجِ الْحُرُوفِ: تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى ھەققىدىكى ئىلىم.

لَا مَخْرَجَ مِنْهُ: ئۈمىد يوق، ھېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

مُخْرِجٌ: چىقارغۇچى، رېژىسسور.

مُخْرِجٌ سِينِمَائِيٌّ: فىلىم ئىشلىگۈچى.

مُخَرِّبٌ: بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى.

مُخَرَّبٌ: ۋەيران بولغان، كاردىن چىققان، خاراب قىلىنغان.

مُخَرِّجٌ سِينِمَائِيٌّ :فىلىم ئىشلىگۈچى.

مُخَرَّمٌ: تۆشۈك تېشىلگەن، گۈل چېكىلگەن.

مِخْرَزٌ ج مَخَارِزُ: ئۇشكە، بۇرغا، ئىسكىنە، بىگىز، دەرەش.

مِخْرَطَةٌ ج مَخَارِطُ: ئۇشكە، بۇرغا، سەيگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئادالايدىغان پىچاق.

مَخْرَفَةٌ ج مَخَارِفُ: بوستان، باغ، خورمىزارلىق يول، داغدام يول.

«عَائِدُ الْمَرِيضِ يَمْشِي فِي مَخْرَفَةِ الْجَنَّةِ» «حديث»: كېسەل يوقلىغان ئادەم جەننەتنىڭ داغدام يولىدا ماڭغان بولىدۇ.

مَخْرَقَ يُمَخْرِقُ مَخْرَقَةً: يالغان ئېيتتى، يالغانچىلىق قىلدى، يالغان سۆزلىدى.

مَخْرَقَ عَلَى عُقُولِ النَّاسِ: ئەخمەق قىلدى، سارالىق تاپتى، كولدۇرلاتتى.

مَخْرَقَةٌ ج مَخَارِيقُ: يالغان سۆز، يالغان - ياۋىداق سۆز، ئىغۋا، پىتنە - پاسات.

مَخَارِيقُ الصِّبْيَانِ: باللار قولىيالىغلىقنى تۇگۈپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن.

مَخْرُوطٌ: كونۇسسىمان جىسىم.

مَخْرُوطِيُّ الشَّكْلِ: كونۇس شەكىللىك.

مَخْزَاةٌ ج مَخَازٍ: نومۇسسىزلىق.

مَخْزَنٌ ج مَخَازِنُ: ئامبار، ئىسكىلات، دۇكان، ماگىزىن.

أَمِيْنُ الْمَخْزَنِ: ئىسكىلاتچى، ئامبارچى.

مَخْزَنُ تَبْرِيْدٍ: مۇزلىتىش ئۆيى.

مَخْزَنُ أَدْوِيَةٍ: دورا ماگىزىنى.

مَخَازِنُ الطَّرِيْقِ: يېقىن يول، قىسقا يول.

مَخْزُوْنٌ ج مَخَازِيْنُ: ساقلانغان مال، زاپاس مال.

مَخْزُوْنُ السِّلَعِ: ئېھتىياج چۈشكەندە ئىشلىتىش ئۈچۈن زاپاس ساقلىنىدىغان نەرسە.

مَخْزُوْنُ نَفْسِهِ: كۆڭلىدە ساقلىنىدىغان نەرسە.

مُخْزٍ م مُخْزِيَةٌ: نومۇسسىز.

مَخْزِيٌّ: خىجىل بولۇش، ئۇيۇلۇش.

اَلْمَخْزِيَّةُ: شەيتان.

مُخَسِّرٌ: زىيانلىق، پايدىسىز.

مَخْشُوْشٌ: بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگە.

مِخْصَابٌ: مۇنبەت، ئۇنۇملۇك.

مُخْصِبٌ: مۇنبەت، ئۇنۇملۇك.

مُخْصِبَاتٌ: تۇرلۇك ئوغۇتلار.

مِخْصَرَةٌ ج مَخَاصِرُ: مۇنبەر ھاسىسى؛ دىرىژورنىڭ قوماندانلىق تايىقى.

ثَوْبٌ مُخَصَّرٌ: بېلى تار كىيىم.

مُخَصَّرَةٌ: ئىنچىكە بەل، نازۇك بەل.

فَتَاةٌ مُخَصَّرَةٌ: بېلى ئىنچىكە، زىلۋا قىزچاق.

مُخَصَّصَاتٌ: مەخسۇس ئاجرىتىلغان پۇل، مائاشتىن باشقا ئايرىم ئاجرىتىلغان پۇل.

مُخَصَّصَاتُ الْمَلِكِ: خان جەمەتى راسخوتى.

مُخَصَّصَاتٌ إِضَافِيَّةٌ: قوشۇمچە كىرىم.

مِخْصَفٌ ج مَخَاصِفُ: بىگىز، جۇۋالدۇرۇز، دەرەش.

مَخْصُوْصٌ: مەخسۇس، ئالاھىدە.

قِطَارٌ مَخْصُوْصٌ: ئالاھىدە پويىز.

مَخْصِيٌّ: پىچىۋېتىلگەن، ئاختا قىلىنغان.

حَيَوَانٌ مَخْصِيٌّ: ئاختا ھايۋان، پىچىۋېتىلگەن ھايۋان.

مَخَضَ يَمْخُضُ /يَمْخِضُ / يَمْخَضُ مَخْضًا اللَّبَنَ: قايماق چىقاردى.

مَخَضَ الشَّيْءَ: كۈچەپ تەۋرەتتى، لىڭشىتتى، ئىرغاڭلاتتى، پۇلاڭلاتتى.

مَخَضَ الرَّأْيَ: ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلدى، چوڭقۇر پىكىر قىلدى، پۇختا ئويلىدى.

«مَخَضَ الْمُحَاضِرُ كُلَّ جَوَانِبِ الْقَضِيَّ»: لېكسىيە سۆزلىگۈچى مەسىلىنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلدى.

مَخِضَ يَمْخَضُ مَخَضًا وَمَخَاضًا مَخِضَتِ الْحَامِلُ: تۇغۇت يېقىنلىشىپ تولغاق تۇتتى.

مَخْضَرَةٌ: يېشىلزارلىق، يېشىللىق، كۆكتاتلىق.

شَاعِرٌ مُخَضْرَمٌ: جاھىلىيەت بىلەن ئىسلامىيەتتىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە ياشىغان شائىر.

مُخَضَّبٌ: بويالغان.

«قُبِضَ عَلَى الْقَاتِلِ وَيَدُهُ مُخَضَّبَةٌ بِالدَّمِ»: قولى قانغا بويالغان قاتىل تۇتۇلدى.

مَخَطَ يَمْخَطُ مَخْطًا الْمُخَاطَ: مىشقىردى، بۇرنىنى تاشلىدى.

مِخْطَاطٌ: سىزغۇچ.

مِخْطَافٌ ج مَخَاطِيْفُ: كانارا، قارماق.

مُخْطِئٌ: خاتالاشقۇچى.

مَخْطَةٌ ج مَخْطَاتٌ: ماكقا، پوتلا.

«لَا تَرْمِيْ مِخْطَاتِكَ فِي الشَّارِعِ»: كوچىغا مىشقىرما.

مِخَطٌّ: سىزغۇچ.

مُخَطَّطٌ: سىزىلغان، سىزىق تارتىلغان.

مَخْطِمٌ: بۇرۇن، قۇشنىڭ تۇمشۇقى.

مِخْطَمٌ: بۇرۇن، قۇشنىڭ تۇمشۇقى.

مَخْطُوْبٌ: چاي ئىچكۈزۈلگەن.

مَخْطُوْبَةٌ: ئالماقچى بولغان ئايال، پۈتۈشكەن ئايال.

مَخْطُوطٌ، مَخْطُوطَةٌ ج مَخْطُوطَاتٌ: قولیازما، ئەسلىي تېكىست، كوپىيە، ئورىگىنال.

مَخْفَرٌ ج مَخَافِرُ: قوغدايدىغان جاي، ساقچى مەركىزى، قاراۋۇلخانا، پوس، ساقچى ئورنى.

«نَشْرُ الْعَدَالَةِ أَجْدَى مِنْ تَشْيِيدِ الْمَخَافِرِ»: ساقچىخانىلار بەرپا قىلغاندىن كۆرە، ئادالەتنى قانات يايدۇرۇش پايدىلىق.

أَثْمَانٌ مُخَفَّضَةٌ: چۈشۈرۈلگەن باھا.

مُخَفِّفٌ: يېنىكلەتكۈچى.

ظَرْفٌ مُخَفِّفٌ لِلْجَرِيمَةِ: جىنايەتنى يېنىكلىتىدىغان ئامىل.

مِخْفَقَةُ الْبِيْضِ: ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسى.

مَخْفُوْرٌ: ساقلانغان، قوغدالغان.

«أَرْسِلِ اللِّصّ إِلَى السِّجْنِ مَخْفُوْرًا»: ئوغرى يالانغان هالدا تۈرمىگە ئەۋەتىلدى.

مَخْفُوْضٌ:چۈشۈرۈلگەن.

مَخْفِيٌّ: يوشۇرۇن، مەخپىي.

مُخْلٌ ج أَمْخَالٌ وَمُخُوْلٌ: كۆتۈرگۈچ، پىشاك، لوم تۆمۈر، گۈرجەك.

مِخْلَاةُ الدَّابَّةِ ج مَخَالٍ: تورۋا، يەم خەشەك خالتىسى.

مِخْلَافٌ ج مَخَالِيْفُ: ئۆلكە.

مِخْلَبٌ ج مَخَالِبُ: هايۋانلارنىڭ تىرنىقى، چاڭگال.

مِخْلَبُ الطَّائِرِ: قۇشنىڭ پەنجىسى.

مَخَالِبُ الْمَوْتِ: ئۆلۈم گىردابى، خەتەرلىك جاي.

مِخْلَةٌ: خالتا، تاغار، قاپ، قاچا.

مَخْلَصٌ: قاچىدىغان جاي.

مُخْلِصٌ: سادىق، سەممىي، راستچىل، ئىخلاسمەن، مۇخلىس.

صَدِيْقٌ مُخْلِصٌ: سەممىي دوست .

تَحِيَّاتِي الْمُخْلِصَةُ: سەممىي سالاملىرىم.

مُخَلَّدٌ: قېرىمايدىغان، مەڭگۈلۈك.

﴿يَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ﴾ «قرآن»: قېرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ.

«سَيَبْقَى اِسْمُكُمْ ذِكْرًا جَمِيْلًا مُخَلَّدًا عَلَى صَفْحَةِ التَّارِيْخِ مِنْ غَيْرِ إِنْكَارٍ»: شەكسىزكى، سىلەرنىڭ ياخشى نامىڭلار تارىخ بېتىدە مەڭگۈ داستان بولۇپ قالىدۇ.

مُخَلِّصٌ: نىجاتكار، نىجات يۇلتۇزى، قۇتقۇلدۇرغۇچى.

مُخَلِّصٌ جُمْرُكِيٌّ: تاموژنا ۋاستىچىسى.

مُخَلَّطٌ: پاراكەندە، چېچىلاڭغۇ، قالايمىقان.

مُخَلَّعٌ: قاتتىق تارتىلغان.

شَوَاءٌ مُخَلَّعٌ: سۆڭەكسىز گۆش شورپىسى.

الْمُخَلَّعُ مِنَ النَّاسِ: ئاجىز ئادەم.

مُخَلَّفٌ: قېپقالغان.

مُخَلَّفَاتٌ: تەۋەررۇك، يادىكارلىق؛ مىراس، قالدۇق، تاشلاندۇق.

مُخَلَّفَاتُ الْمَصَانِعِ: زاۋۇتتىن چىقىرىلغان تاشلاندۇقلار.

مُخَلَّفَاتٌ ثَقَافِيَّةٌ: مەدەنىيەتتىن قالاق، قالاق مەدەنىيەت.

مِنْ مُخَلَّفَاتِ الْعَهْدِ الْبَائِدِ: يىمىرىلگەن سابىق سىياسىي تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرى.

مُخَلَّلٌ ج مُخَلَّلَاتٌ: ئاچاسەي، چىلىغان سەي، تۇزلىغان سەي.

مَخْلُوطٌ ج مَخَالِيْطُ: ئارىلىشىپ كەتكەن، ئارىلاشما.

مَخْلُوطٌ حَدِيْدِيٌّ: ئارىلاشتۇرۇلغان تۆمۈر قېتىشمىسى.

مَخْلُوْعٌ: مەنسەپتىن قالدۇرۇلغان، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

رَجُلٌ مَخْلُوْعُ الْفُؤَادِ: قورقۇپ، چۆچۈپ كەتكەن

ئادەم.

مَخْلُوقَةٌ ج مَخْلُوقَاتٌ: تۆگىنىلىك چومى.

مَخْلُوقٌ ج مَخْلُوقَاتٌ وَمَخَالِيقُ: يارىتىلغۇچى، مەخلۇق، مەخلۇقات، پۈتۈن مەۋجۇدات، كائىناتتىكى مەۋجۇدات.

مَخْلُولٌ ج مَخَالِيلُ: بوزۇلغان، كاردىن چىققان.

مَخْلُولُ الْعَقْلِ: ئالجىغان.

مِخْمَارٌ ج مَخَامِيرُ: هاراقنىڭ ئىسپىرت مىقدارىنى تەكشۈرىدىغان ئەسۋاب.

مَخْمَخَ يُمَخْمِخُ مَخْمَخَةً الْعَظْمَ: يىلىكىنى چىقاردى.

مَخْمَصَةٌ: ئاچلىق.

﴿فَمَنِ اضْطُرَّ فِي مَخْمَصَةٍ غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِإِثْمٍ فَإِنَّ اللّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ «قرآن»: كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (هارام قىلىنغان نەرسىلەرنى يېسە گۇناھ بولمايدۇ) ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.

مَخْمَضَ يُمَخْمِضُ مَخْمَضَةً: ئېغىز چايقىدى.

مُخْمَلٌ: تۇتىلىك رەخت، مەخمەل، پەرقۇت.

مُخْمَلِيٌّ: مەخمەل، پەرقۇتقا تەۋە.

الْمُجْتَمَعُ الْمُخْمَلِيُّ: يۇقىرى قاتلام، يۇقىرى تەبىقە.

مُخِمٌّ: ئاچچىق، سېسىق.

مِخَمَّةٌ: سۈپۈرگە.

مُخَمَّسٌ: بەشلىك، بەش مىسرالىق شېئىر، بەش بۇرجەكلىك، مۇخەممەس.

مُخَمَّسُ الْأَضْلَاعِ: بەش بۇرجەكلىك.

النَّجْمَةُ الْمُخَمَّسَةُ: بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇز.

مَخْمُورٌ: ئېچىتقۇ، خېمىرتۇرۇچ.

مَخْنَقٌ: تىنچىق جاي.

مِخْنَقَةٌ ج مَخَانِقُ وَمَخَانِيقُ: مونچاق، مارجان.

مُخَنَّثٌ: زەيپانە، ئايال مىجەز، ھېجىقىز.

مَخْنُوقٌ: بوغۇلغان.

مِخْوَضٌ ج مَخَاوِضُ: قوچۇش ئەسۋابى، قوچۇغۇچ.

مَخُوفٌ: قورقۇنچلۇق.

طَرِيقٌ مَخُوفٌ: قورقۇنچلۇق يول.

مُخْوِلٌ ج مُخْوِلُونَ: تاغىلىرى كۆپ.

مَخِيخٌ ج مَخَائِخُ: يىلىكلىك، يىلىكى بار، يىلىكى كۆپ.

عَظْمُ الْمَخِيخِ: يىلىكلىك سۆڭەك.

مُخَيْخٌ: كىچىك مېڭە.

مَخِيضٌ: قېتىق، پىشلاق، ئىرىمچىك، كۆك سۈت.

مِخْيَطٌ: يىڭنە.

مِخْيَطٌ ج مَخَايِطُ: تىكىش ئۇسكۇنىسى، تىكىش ماشىنىسى، يىڭنە.

مُخِيفٌ: قورقۇتقۇچى، چۆچۈتكۈچى.

مُخِيلٌ: مۇجمەل، تۇتۇق.

مَخِيلَةٌ ج مَخَايِلُ: بەلگە، ئالامەت، سىمۋول، ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت، ئوي-تەسەۋۋۇر، كىبىر، تەپ.

مَخْيُوطٌ: تىكىلگەن.

مُخَيَّرٌ: ئىختىيارىغا قويۇلغان، تاللاش هوقۇق بېرىلگەن.

مُخَيَّطٌ: تىكىلگەن.

مُخَيِّلَةٌ ج مُخَيِّلَاتٌ: تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى.

مُخَيَّمٌ ج مُخَيَّمَاتٌ: بارگاھ، قارارگاھ، گازارما.

مُدَاخَلَةٌ: ئارىلاشماق، قول تىقماق.

مِدَادٌ: سىيا، ئوغۇت، چىراغ يېغى، ئۈرنەك، نۇسخا.

«بَنَوْا مَسَاكِنَهُمْ عَلَى مِدَادٍ وَاحِدٍ»: ئۇلار ئۆيلىرىنى بىر خىل شەكىلدە سالدى.

«تُسَجِّلُ مَوَاقِفُهُ بِمِدَادِ الْفَخْرِ»: ئۇنىڭ ئەھۋاللىرى شەرەپ بىلەن خاتىرىلىنىدۇ.

مَدَارٌ ج مَدَارَاتٌ: ئوق (ئايلىنىدىغان نەرسىنىڭ ئوربىتا، تروپىك، تروپىك سىزىقى.

مَـدَارُ الْحَـدِيْثِ أَوِ الْبَحْـثِ: مۇھاكىمە تېمىسى، سۆھبەت تېمىسى.

مَدَارُ الْجَدْيِ: جەنۇبىي تروپىك سىزىقى.

مَدَارُ السَّرَطَانِ: شىمالىي تروپىك سىزىقى.

مَدَارُ الْأَرْضِ: يەر شارى ئوربىتىسى.

عَلَى مَدَارِ السَّنَةِ: يىل بويى، پۈتۈن يىل.

مُدَارَاةٌ: چىقىشماق، مادارا قىلىشماق.

«مُدَارَاةُ النَّاسِ صَدَقَةٌ» ‹حديث›: كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشمۇ سەدىقىدۇر.

الْمَدَارِكُ الْخَمْسُ: بەش سەزگۈ ئەزا.

«هَذَا الطِّفْلُ نَمَتْ مَدَارِكُهُ بِسُرْعَةٍ»: بۇ بالىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى تېزلىكتە يېتىلدى.

مُدَاسٌ: دەسسەلگەن، يانجىلغان.

مَدَاسٌ ج مَدَاسَاتٌ: كەش، ئاياغ.

مُدَاعَبَةٌ: ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشماق، ئويناشماق.

مُدَافِعٌ: قوغدىغۇچى، ئاقلىغۇچى، مۇداپىئە قىلغۇچى.

مَدَاكٌ: هاۋانچا.

مَدَالَّةٌ: جەڭ مەيدانى، ئۇرۇش مەيدانى.

مُدَامٌ ـ مُدَامَةٌ: هاراق، ئۈزۈم هارىقى، مۇسەللەس.

مُدَانٌ: جىنايەتچى، گۇناهكار.

مُدَاهِنٌ: خۇشامەتچى، يالاقچى، تەخسىكەش.

مُدَاهَنَةٌ: خۇشامەت قىلماق، تەخسىكەشلىك قىلماق.

مُدَاوَاةٌ: داۋالىماق.

مُدَاوِرٌ: جاهاننىڭ رەپتارىغا كىرىشۋالغۇچى، جان باقار.

مُدَاوَرَةٌ: مادارا قىلىشماق.

«رَأْسُ الْعَقْلِ بَعْدَ الْإِيْمَانِ بِاللهِ مُدَاوَرَةُ النَّاسِ» ‹حديث›: ئىماندىن قالسىلا كىشىلەر بىلەن مادارا قىلىش ئەڭ ئەقىللىقلىق.

مُدَاوَلَةٌ ج مُدَاوَلَاتٌ: سۆھبەت، ئالاقىلەشمەك.

مُدَاوَمَةٌ: داۋاملاشماق.

مُدَاوٍ: داۋالىغۇچى، تېۋىپ، دوختۇر.

مُدَايِنٌ: قەرز بەرگۈچى، قەرز ئىگىسى.

مُدَبَّجٌ: تۈزىتىلگەن، زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن.

مُدَبِّرٌ: سەرەمجانلاشتۇرغۇچى، ئورۇنلاشتۇرغۇچى، تەدبىر قوللانغۇچى، رەتكە سالغۇچى، ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك.

مُدَبَّرٌ: رەتلەنگەن، هازىرلانغان.

مُدْبِرٌ: قاچقۇچى.

وَلَّى الْعَدُوُّ مُدْبِرًا: دۈشمەن ئارقىغا قاراپ قاچتى.

مَدْبَغَةٌ ج مَدَابِغُ: تېرە ئاشلايدىغان جاي، تېرە ئەيلەيدىغان جاي، تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى.

مُدَجَّجٌ بِالسِّلَاحِ: تولۇق قوراللانغان.

مَدَحَ يَمْدَحُ مَدْحًا ـهُ: ماختىدى، ئالقىشلىدى، مەدھىيىلىدى، تەرىپلىدى، كۈيلىدى، داڭلىدى، مەدھىيە ئوقۇدى.

مَدْحٌ ـ مِدْحَةٌ ج مِدَحٌ: ماختىماق، مەدھىيىلىمەك، داڭلىماق.

مَدْحُوْرٌ: يېڭىلگەن، مەغلۇپ بولغان.

﴿قَالَ اخْرُجْ مِنْهَا مَذْؤُوماً مَدْحُوْرًا﴾ ‹قرآن›: جەننەتتىن ئەيىبلەنگەن ۋە (رەھمىتىمدىن) مەھرۇم قىلىنغان هالدا چىق.

مُدَخِّنُ التَّبْغِ: تاماكا چەككۈچى.

مَدْخَلٌ ج مَدَاخِلُ: ئىشىك، كىرىش ئېغىزى؛ ئىمپورت.

مَدْخَلُ الْمَدِيْنَةِ: شەهەر دەرۋازىسى، شەهەرنىڭ كىرىش ئېغىزى.

مَدْخَلُ الْبَيْتِ: ئۆينىڭ كىرىش ئېغىزى، ئۆينىڭ ئىشىكى.

حُسْنُ الْمَدْخَلِ: ياخشى كىرىش، مەقسەتكە ئوڭۇشلۇق يېتىش.

«مَدْخَلٌ لِدِرَاسَةِ الْقَانُونِ»: قانۇن تەتقىقاتىدىن دەسلەپكى ساۋات.

تَقَابَلْنَا عِنْدَ مَدْخَلِ الْمَعْهَدِ: ئىنستىتۇتنىڭ كىرىش ئېغىزىدا ئۇچراشتۇق.

يَعْرِفُ مَدَاخِلَ الشَّيْءِ وَمَخَارِجَهُ: ئۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماھىر.

مُدْخِنٌ: ئىسلىق، ئىس چىقىۋاتقان.

مُدَخِّنٌ: تاماكا چەككۈچى.

مِدْخَنَةٌ ج مَدَاخِنُ: تۈرخۇن، مورا، ئىسرىقدان، كۆجە.

يَتَصَاعَدُ الدُّخَانُ مِنَ الْمِدْخَنَةِ: تۈرخۇندىن تۇتۇن چىقماقتا.

مَدْخُولٌ ج مَدَاخِيلُ: كىرىم، دارامەت.

مَدْخُولٌ فِيهِ: ئۇيدۇرما، توقۇلما.

مَدْخُولُ الضَّمِيرِ: غەرەزى يامان، نىيىتى يامان.

مَدَّ يَمُدُّ مَدًّا الشَّيْءَ: سوزدى، ئۇزارتتى.

مَدَّ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى تارتتى.

«مَدَّ الأَسْلَاكَ»: سىم تارتتى.

مَدَّ الْجُرْحُ: يارا يىرىڭدىدى.

«مَدَّ أَنَابِيبَ الْبِتْرُولِ»: نېفىت تۇرۇبىلىرىنى ئورناتتى.

مَدَّ الرَّجُلَ: ياردەم قىلدى، ياردەم بەردى.

مَدَّ إِلَيْهِ يَدَهُ: ئۇنىڭغا ياردەم بەردى.

مَدَّ يَدَ الْمُسَاعَدَةِ: ياردەم قولىنى سۇندى، ياردەم قىلدى، ياردەم بەردى، ياردەملەشتى.

مَدَّ رَقَبَتَهُ: بويىنىنى سوزدى.

مَدَّ بَصَرَهُ أَوْ نَظَرَهُ: يىراققا نەزەر تاشلىدى، كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىدى، كەلگۈسىگە قارىدى، ئىنتىلدى.

مَدَّ اللهُ عُمْرَهُ / مَدَّ اللهُ فِي حَيَاتِهِ: ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن.

مَدَّ الأَرْضَ: يەرنى ئوغۇتلىدى، ئوغۇت بەردى.

مَدَّ النَّهْرُ أَوِ الْبَحْرُ: سۇ كۆتۈرۈلدى، سۇ ئۆرلىدى.

مَدَّ الدَّوَاةَ: دۇۋەتكە سىياھ قاچىلىدى.

مَدَّ جِذْرًا (فِي الأَرْضِ): يىلتىز تارتتى، يىلتىز ياپتى.

مَدَّ فِي الْمَشْيِ: چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى، چوڭ قەدەم تاشلىدى.

مَدَّ الْجَيْشَ: قوشۇننى كۈچەيتتى.

مَدَّ الْحَرْفَ: ھەرپنى سوزۇپ ئوقۇدى.

«مَدَّ رِجْلَيْهِ بِقَدْرِ لِحَافِهِ»: يوتقانغا قاراپ پۇت سۇندى، چامىسىغا بېقىپ ئىش قىلدى.

مَدَّ سَيْطَرَتَهُ: نوپۇزىنى كېڭەيتتى.

مَدَّ الأَجَلَ: مۇددەتنى ئۇزارتتى، ۋاقىتنى سوزدى.

مَدَّ أَنَابِيبَ نَقْلِ النِّفْطِ: نېفىت تۇرۇبىلىرىنى ئورناتتى.

الشَّمْسُ تَمُدُّنَا بِالضَّوْءِ وَالْحَرَارَةِ: قۇياش بىزنى نۇر ۋە ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مَدٌّ: سوزۇش، ئۇزارتىش.

حُرُوفُ الْمَدِّ: سوزۇپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر .

مَدٌّ وَجَزْرٌ: ئۆرلىمەك ۋە پەسەيمەك.

مَدٌّ كَامِلٌ: سۇنىڭ ئېگىز دولقۇنى، يۇقىرى دولقۇن.

«بَلَغَ الْمَدُّ أَقْصَاهُ»: دولقۇن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

بَيْنِي وَبَيْنَهُ قَدْرُ مَدِّ الْبَصَرِ: ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا كۆز يېتىم ئارىلىق بار.

مُدٌّ. مَدَّةٌ سوزۇپ ئوقۇش بەلگىسى، مەد (~).

مُدٌّ ج أَمْدَادٌ وَمِدَادٌ وَمِدَدَةٌ: مۇد (ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، تەخمىنەن 18لىتىرغا تەڭ).

مَدَّاحٌ ج مَدَّاحُونَ: ماختىغۇچى، مەدداھ.

«إِذَا رَأَيْتُمُ الْمَدَّاحِينَ فَاحْثُوا فِي وُجُوهِهِمُ التُّرَابَ» حەدىس: «ماختىغۇچى (مەدداھ)نى كۆرسەڭلار، ئۇلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىڭلار».

مَدَّادٌ: ياماشقاق ئۆسۈملۈكلەر.

مِدَّانٌ: تۈزلۈق سۇ.

مَدَدٌ ج أَمْدَادٌ: ياردەم، ياردەم قىلماق، ياردەم بەرمەك، ياردەملەشمەك، قوللىماق، مەدەت، مەدەت بەرمەك.

﴿وَلَوْ جِئْنَا بِمِثْلِهِ مَدَدًا﴾ «قرآن»: مۇبادا يەنە شۇنچىلىك (دېڭىز) سۈيىنى كەلتۈرسەكمۇ.

«بَعَثَ الْقَائِدُ الْأَعْلَى بِمَدَدٍ إِلَى الْجَيْشِ الْفُلَانِيِّ»: ئالىي قوماندان پالانى ئارمىيىگە ياردەم ئەۋەتتى.

مُدَّةٌ ج مُدَدٌ: ۋاقىت، چاغ، زامان، مۇددەت، مەزگىل.

مُدَّةٌ قَصِيرَةٌ: قىسقا مۇددەت، قىسقا مۇددەتلىك.

فِي مُدَّةِ كَذَا: .... غان مەزگىلدە، .... مۇددەت ئىچىدە.

لِمُدَّةٍ: ۋاقىتلىق، ۋاقىتىنچە، ھازىرغىچە.

مُضِيّ الْمُدَّةِ: ۋاقىت ئۆتۈپ كەتمەك.

أَقَمْتُ عِنْدَهُ مُدَّةً مَدِيدَةً: ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاق زامان تۇردۇم.

«نَامَ بِمُدَّةِ سَاعَتَيْنِ»: ئۇ ئىككى سائەتچە ئۇخلىدى.

مَدَّةٌ: ئۆرۈش يىپ.

مِدَّةٌ: يىرىڭ.

مَدَّدَ يُمَدِّدُ تَمْدِيدًا الشَّيْءَ: سوزدى، ئۇزارتتى.

مَدَّدَ الدَّيْنَ: قەرزنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتتى.

مَدَّدَ فِتْرَةَ الرَّاحَةِ: دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى.

مَدَّدَ الْجَلْسَةَ: يىغىننى ئۇزارتتى.

مَدَّدَ الثِّيَابَ الْمَبْلُولَةَ: ھۆل كىيىملەرنى يايدى.

مُدَّعٍ ج مُدَّعُونَ: دەۋا قىلغۇچى، ئەرز قىلغۇچى، ھەق تەلەپ قىلغۇچى، دەۋاگەر.

الْمُدَّعِي الْعَسْكَرِيُّ: ھەربىي نازارەتچى.

الْمُدَّعِي الْعَامُّ أَوْ الْمُدَّعِي الْعُمُومِيُّ: بىر خىل تۈزۈلمىگە ۋەكىللىك قىلىپ مىللەت خەلق نامىدىن دەۋا قىلغۇچى دەۋاگەر.

مُدَّعٍ بِالْحَقِّ الْمَدَنِيِّ: قەرز بەرگۈچى كىشى، تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشى.

مُدَّعًى عَلَيْهِ: ئەرز قىلىنغۇچى، جاۋابكار.

«لَقَدْ حَضَرَ الْمُدَّعِي فَأَيْنَ الْمُدَّعَى عَلَيْهِ»: دەۋاگەر ھازىر بولدى، جاۋابكار قەيەردە؟

مَدَّنَ يُمَدِّنُ تَمْدِينًا: تەرەققىيلەشتۈردى، مەدەنىيلەشتۈردى.

مَدَّنَ الْمَدَائِنَ: شەھەر بىنا قىلدى.

مَدَّنَ الرِّيفَ: يېزىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

يُمَدِّنُ أَهْلَ الْوَبَرِ: قىرلىقلارنى شەھەرلەشتۈرىدۇ.

مَدَرَ يَمْدُرُ مَدْرًا الْحَوْضَ: كۆلنىڭ ئاراشلىرىنى سېغىز لاي بىلەن ئەتتى.

مَدِرَ يَمْدَرُ مَدَرًا الصَّبِيُّ: بالا ئىشتىنىغا چىچىپ قويدى.

مَدِرَ الشَّخْصُ: چوڭ تەرىتى قىستاپ چىقىرىۋېتەي دەپ قالدى.

«مَدِرَ الشَّيْخُ الْمُسِنُّ»: ياشانغان بوۋاي چوڭ تەرىتىنى تۇتالماي قالدى.

مَدَرٌ: سېغىزلىق، سېغىز تۇپا، شەھەر ۋە يېزا.

أَهْلُ الْمَدَرِ: شەھەر ۋە يېزا ئاھالىسى.

مِدْرَاةٌ: تارىغاق.

مِدْرَارٌ: ئېتىلىپ چىققان.

عَيْنٌ مِدْرَارٌ: ياش تولغان كۆز.

سَمَاءٌ مِدْرَارٌ: يامغۇرلۇق ئاسمان.

مِدْرَارًا: مول، باي.

﴿يُرْسِلِ السَّمَاءَ عَلَيْكُمْ مِدْرَارًا﴾ «قرآن»: سىلەرگە ئۇ كۆپ يېمغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

مِدْرَاسٌ ج مَدَارِسُ وَمَدَارِيسُ: خامان تېپىش ماشىنىسى، دەرس ئوقۇلىدىغان ئۆي.

مَدْرَجٌ ج مَدَارِجُ: يول، مەسلەك.

مَدْرَجُ الطَّائِرَاتِ: ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش - چۈشۈش يولى.

مَدْرَجُ الْمَطَارِ: ئايروپورتنىڭ ئۇچۇش - چۈشۈش يولى.

مُنْذُ مَدْرَجِهِ: ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپ.

«تَعَلَّمَ هَذَا الشَّابُ النِّظَامَ مُنْذُ مَدْرَجِهِ»: بۇ يىگىت ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا تەرتىپ - ئىنتىزامغا ئۆگەنگەن.

مَدْرَجُ النَّمْلِ: چۈمۈلە يولى.

«سَارَ فِي مَدَارِجِ الرُّقِيِّ وَالتَّقَدُّمِ»: تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش يوللىرىدا ماڭدى.

مُدِرٌّ: كۆپەيگۈچى، كۆپەيتكۈچى.

دَوَاءٌ مُدِرٌّ لِلْبَوْلِ: پېشابنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورا.

دَوَاءٌ مُدِرٌّ لِلْحَلِيبِ: سۈت كۆپەيتكۈچى دورا.

دَوَاءٌ مُدِرٌّ لِلْعَرَقِ: تەرلەتكۈچى دورا.

دَوَاءٌ مُدِرٌّ لِلطَّمْثِ: ھەيزنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورا.

مُدَرِّبٌ: مەشىقاۋۇل، مەشىق قىلدۇرغۇچى، تەربىيىچى.

مُدَرَّبٌ: تەربىيىلەنگۈچى.

مُدَرَّجٌ ج مُدَرَّجَاتٌ: يۇمىلاق تىياتىرخانا.

مُدَرَّجٌ مُوسِيقِيٌّ: نوتا.

مُدَرِّسٌ: ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم، مۇدەررىس، لېكتور.

مُدَرِّسٌ مُسَاعِدٌ: دوتسېنت.

أَشْتَغِلُ مُدَرِّسًا فِي الْمَدْرَسَةِ الثَّانَوِيَّةِ: ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.

مُدَرَّعٌ: ساۋۇت كىيگەن.

مُدَرَّعَةٌ ج مُدَرَّعَاتٌ: برونېۋىكلىق ئاپتوموبىل.

«يُعَدُّ سِلَاحُ الْمُدَرَّعَاتِ مِنْ أَهَمِّ أَسْلِحَةِ الْجَيْشِ»: برونېۋىكلىق ئاپتوموبىل قوشۇننىڭ ئەڭ مۇھىم قورالى ھېسابلىنىدۇ.

مِدْرَسٌ: خامان تېپىش ماشىنىسى.

مَدْرَسَةٌ ج مَدَارِسُ: مەكتەپ، مەدرىسە.

مَدْرَسَةٌ إِبْتِدَائِيَّةٌ: باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىپتىدائىي مەكتەپ.

مَدْرَسَةٌ إِعْدَادِيَّةٌ: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ.

مَدْرَسَةٌ ثَانَوِيَّةٌ: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ.

مَدْرَسَةٌ مُتَوَسِّطَةٌ: ئوتتۇرا مەكتەپ.

مَدْرَسَةٌ عَالِيَةٌ أَوْ كُلِّيَّةٌ: ئالىي مەكتەپ، فاكۇلتېت، ئىنستىتۇت.

مَدْرَسَةٌ جَامِعَةٌ: ئۇنىۋېرسىتېت، ئالىي مەكتەپ.

مَدْرَسَةٌ دَاخِلِيَّةٌ: ياتاقلىق مەكتەپ.

مَدْرَسَةٌ خَارِجِيَّةٌ: ياتاقسىز مەكتەپ.

مَدْرَسَةُ الْمُعَلِّمِينَ: پېداگوگىكا مەكتىپى، سىفەن، دارىلمۇئەللىمىن.

مَدْرَسَةٌ حَرْبِيَّةٌ: ھەربىي مەكتىپى.

مَدْرَسَةٌ صِنَاعِيَّةٌ: سانائەت مەكتىپى.

أَيَّامُ الْمَدْرَسَةِ: ئوقۇش دەۋرى.

نَاظِرُ الْمَدْرَسَةِ: مەكتەپ مەسئۇلى.

الْمَدْرَسَةُ الْوَاقِعِيَّةُ الطَّبِيعِيَّةُ: رېئالىزم.

هَذِهِ مَدْرَسَةُ النِّعَمِ: بۇ بەخت يولى.

رَفِيقُ الْمَدْرَسَةِ: ساۋاقداش، مەكتەپداش.

مَدْرَسَةٌ حُرِّيَّةٌ: شەخسىي ئاچقان مەكتەپ.

مَدْرَسِيٌّ: مەكتەپكە مۇناسىۋەتلىك، مەكتەپكە ئائىت، مەكتەپنىڭ، ئىلمىي ئېقىمغا مەنسۇپ.

كِتَابٌ مَدْرَسِيٌّ: دەرسلىك، قوللانما.

عَامٌ مَدْرَسِيٌّ: ئوقۇش يىلى.

مِدْرَعَةٌ ج مَدَارِعُ: ئاياللارچە پوپايكا.

مُدْرِكٌ: ھېس قىلغۇچى، چۈشەنگۈچى، قۇرامىغا يەتكەن.

مُدْرَكٌ ج مُدْرَكَاتٌ: تونۇش، بىلىش، بىلىم.

الْقُوَى الْمُدْرِكَةُ: ئەقلىي قابىلىيەت، ئەقىل - پاراسەت.

الْمُدْرَكَاتُ: سەزگۈ ئەزالار.

مِدْرَةٌ ج مَدَارَةٌ: ئاقساقال، قەبىلە باشلىقى، يېتەكچى.

«إِذْ أَقْبَلَ شَيْخٌ مِنْ بَنِي عَامِرٍ هُوَ مِدْرَةُ قَوْمِهِ» ‹حديث›: بەنى ئامىر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى كەلدى. ئۇ قوۋمىنىڭ يېتەكچىسى ئىدى.

مِدْرًى: تارغاق.

«كَانَ فِي يَدِهِ مِدْرًى يَحُكُّ بِهَا رَأْسَهُ» ‹حديث›: ئۇنىڭ قولىدا تارغاق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چېچىنى تاراۋاتاتتى.

مَدْرِيَةٌ ج مَدَارٍ وَمَدَارَى: تارغاق.

مَدْسُوسٌ: دەسسەلگەن، يانجىلغان.

مَدْسُوسٌ عَلَيْهِ: سۇيىقەستكە ئۇچرىغان، قەستلەنگەن.

فُولٌ مَدْسُوسٌ: يانجىلغان پۇرچاق.

مَدْعَاةٌ ج مَدَاعٍ: چاقىرىق، تەكلىپ، دەۋەت، سەۋەب، زىياپەتكە چاقىرىش.

هَذَا الْقَوْلُ مَدْعَاةٌ لِلْغَضَبِ: بۇ سۆز كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ.

مِدْعَاسٌ ج مَدَاعِيسُ: نەيزە.

مِدْعَسٌ ج مَدَاعِسُ: نەيزە، دەسسەلگەن يەر، كۆپ ماڭىدىغان يول.

مَدْغُوقٌ: دەسسەلگەن.

مَدْعُوٌّ: دەۋەت قىلىنغۇچى، تەكلىپ قىلىنغۇچى.

مَدْغَلٌ ج مَدَاغِلُ: ساي، جىلغا، ھاڭ.

مِدْفَأٌ . مِدْفَأَةٌ ج مَدَافِئُ: ئوچاق، مەش، ئىسسىنىش ئۈسكۈنىسى.

جَلَسَ أَفْرَادُ الْأُسْرَةِ حَوْلَ الْمِدْفَأِ يَتَسَامَرُونَ: ئائىلە ئەزالىرى مەشنىڭ ئەتراپىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

مِدْفَعٌ ج مَدَافِعُ: توپ، زەمبىرەك.

مِدْفَعٌ بَعِيدُ الْمَدَى: زېنىت توپ.

مِدْفَعٌ مُضَادٌّ لِلدَّبَّابَاتِ: تانكىغا قارشى زەمبىرەك.

مِدْفَعٌ مُضَادٌّ لِلطَّائِرَاتِ: ئايروپىلانغا قارشى زەمبىرەك، زېنىت توپ.

مِدْفَعٌ ثَقِيلٌ كَبِيرُ الْعِيَارِ: چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەك.

مِدْفَعٌ جَبَلِيٌّ: دالا زەمبىرىكى.

مِدْفَعٌ ذَرِّيٌّ: ئاتوم زەمبىرىكى.

مِدْفَعٌ مَائِلٌ: كالتە ستۋوللۇق ئېغىر زەمبىرەك.

مِدْفَعُ مَيْدَانٍ: دالا زەمبىرىكى.

مِدْفَعُ الْهَاوُنِ: مىناميوت.

مِدْفَعٌ رَشَّاشٌ: پىلىموت.

مِدْفَعٌ رَشَّاشٌ ثَقِيلٌ: ئېغىر پىلىموت.

مِدْفَعٌ رَشَّاشٌ خَفِيفٌ: يېنىك پىلىموت.

مِدْفَعُ سِلَاحِ الْمِدْفَعِيَّةِ: توپچى قىسىم، زەمبىرەكچى قىسىم.

مِدْفَعُ الْإِفْطَارِ: رامىزاندا ئىپتار ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېتىلىدىغان زەمبىرەك.

أُطْلِقَتْ مَدَافِعُ التَّحِيَّةِ: ھۆرمەت توپى ئېتىلدى.

مَدْفُوعٌ: پۇلى تاپشۇرۇلغان، پۇلى تۆلەنگەن، تۆلىۋېتىلگەن.

مَدْفُوعٌ إِلَيْهِ: تاپشۇرۇۋالغۇچى.

مَدْفُوعَاتٌ: قوشۇمچە راسخوت.

مِيزَانُ الْمَدْفُوعَاتِ: كىرىم-چىقىم ھېساباتى.

مِدْفَعِيٌّ: زەمبىرەككە ئائىت، توپچى قىسىمغا ئائىت.

مِدْفَعِيَّةٌ: توپچى قىسىم، توپ ئېتىش تېخنىكىسى.

مَدْفَنٌ ج مَدَافِنُ: قەبرە.

مَدْفُونٌ: دەپنە قىلىنغۇچى.

مُدْقِعٌ: نامرات، كەمبەغەل.

فَقْرٌ مُدْقِعٌ: يوقسۇللۇق، گادايلىق، نامراتلىق.

«لَا تَحِلُّ الْمَسْأَلَةُ إِلَّا لِذِي فَقْرٍ مُدْقِعٍ» ‹حديث›: تىلەمچىلىك، پەقەت ھېچ نەرسىسى يوق ئادەمگىلا دۇرۇس بولىدۇ.

مُدِقٌّ ج مَدَاقٌّ: ھاۋانچا.

مُدِقَّةٌ: ھاۋانچا، توقماق.

مُدِقَّةٌ خَشَبِيَّةٌ: ياغاچ هاۋانچا، ياغاچ توقماق.

مُدَقِّقٌ: ئەستايىدىل ئادەم، ئىنچىكىلىگۈچى، ئىنچىكە قارىغۇچى، ئىنچىكە تەھلىل قىلغۇچى.

بَاحِثٌ مُدَقِّقٌ: ئىنچىكە تەتقىقاتچى، چوڭقۇر تەتقىق قىلغۇچى، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگۈچى.

مَدْقُوقٌ: تالقان، پاراشوك، ئۇششاقلانغان.

مِدَكٌّ ج مَدَاكُّ: يەر چىڭداش سايمىنى، قاڭ.

مِدلَاةٌ ج مِدَالٌ: مېدال، مېداليون.

مُدْلِجٌ. أَبُو مُدْلِجٍ: كىرپە.

مِدْلَجَةٌ: چېلەك، سوغا، تۇلۇڭ.

مِدْلَجَةُ اللَّبَنِ: سۈت قاچىسى.

مُدَلْدَلٌ: ئېسىلغان، ساڭگىلىغان.

مُدَلِّسٌ: ئالدامچى، ساختىپەز.

مُدَلَّسٌ: توقۇلما، ئويدۇرما.

أَفْلَاسٌ مُدَلَّسَةٌ: يالغان پۇللار، ساختا پۇل.

مُدَلَّعٌ: ئەركە-نايناق.

مُدَلِّكٌ ج مُدَلِّكُونَ: ئۇۋۇلىغۇچى.

مُدَلَّلٌ: ئەركە-نايناق.

أَنَّهُ وَلَدٌ مُدَلَّلٌ جِدًّا: ئۇ بالا بەكمۇ ئەركە.

هِيَ طِفْلَةٌ مُدَلَّلَةٌ: ئۇ قىز ناھايىتى نايناق.

مُدَلَّهٌ: هوشىنى يوقاتقان، ئەقلىنى يوقاتقان، ئېسىنى يوقاتقان.

عَاشِقٌ مُدَلَّهٌ: ئېسىنى يوقاتقان ئاشىق، هوشىنى يوقاتقان ئاشىق.

مُدَلًّى: ئېسىپ قويۇلغان، ساڭگىلىتىلغان.

مَدْلُولٌ ج مَدْلُولَاتٌ: مەنە، مەزمۇن، ئەھمىيەت، پىلان، پايدا، قىممەت، ئوي - پىكىر، تەلەپ.

مِدْمَاكٌ ج مَدَامِيكُ: تامچىنىڭ ياكى ياغاچچىنىڭ تانىسى، تاش چوقۇيدىغان سايمان، پەلەمپەي.

مُدْمَجٌ: پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم.

مَدْمَعٌ ج مَدَامِعُ: ياش نەيچىسى، ياش بېزى.

«فَاضَتْ مَدَامِعُهُ»: يېشى تۆكۈلدى.

مُدْمَكٌ: زىچ، يېقىن.

مِدَمَّةٌ: ئاسقاق، تىرنا.

مُدَمِّرٌ: ۋەيران قىلغۇچى.

مُدَمِّرَةٌ: قوغلىغۇچى ھەربىي پاراخوت .

«تَعْتَمِدُ الْمَعَارِكُ الْبَحْرِيَّةُ الْحَدِيثَةُ عَلَى الْمُدَمِّرَاتِ»: يېڭى دېڭىز ئۇرۇشى قوغلىغۇچى پاراخوتلارغا تايىنىدۇ.

مُدَمَّسٌ: يوشۇرۇنغان .

فُولٌ مُدَمَّسٌ: دۈملەپ پىشۇرۇلغان پۇرچاق.

مُدْمِنٌ: خۇمار ... غا بېرىلىپ كەتكۈچى.

مُدْمِنُ خَمْرٍ: هاراقكەش.

«مُدْمِنُ الْخَمْرِ كَعَابِدِ الْوَثَنِ» ‹حديث›: هاراققا بېرىلىپ كەتكۈچى بۇتقا چوقۇنغۇچىغا ئوخشاش.

مُدْمِنُ تَدْخِينٍ: بەڭگى.

مَدْمُوغٌ ج مَدْمُوغَاتٌ: مۆھۈر، بەلگە، تامغا.

مَدْمُوكٌ: زىچ، يېقىن .

مَدَنَ يَمْدَنُ مُدُونًا الشَّخْصُ: شەھەرگە كەلدى.

مُدْنَفٌ: ئىشق-مۇھەببەت ھالىدىن كەتكۈزگەن ئادەم ئېغىر كېسەل.

مَدَنِيٌّ: مەدەنىيەتلىك، مەدەنىي، مەرىپەتلىك، شەھەرلىك، ھەق تەلەپ ئىشلىرى.

قَانُونٌ مَدَنِيٌّ: ھەق تەلەپ قانۇنى.

الْحَقّ الْمَدَنِيّ: خەلق ھوقۇقى.

مُهَنْدِسٌ مَدَنِيٌّ: قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى.

«طَيَرَانٌ مَدَنِيٌّ»: خەلق ئاۋىئاتسىيىسى.

النَّقْلُ الْجَوِّيّ الْمَدَنِيّ: خەلق ئاۋىئاتسىيە قاتنىشى.

مَدَنِيَّةٌ: مەدەنىي، مەدەنىيەت.

دَعْوَى مَدَنِيَّةٌ: ھەق تەلەپ دەۋاسى، ھەق تەلەپ ئەنزىسى.

اَلْحَيَاةُ الْمَدَنِيَّةُ: شەھەر تۇرمۇشى.

«الْأَهَالِي الْمَدَنِيُّوْنَ»: شەھەر ئاھالىسى، شەھەرلىكلەر.

مُذْهِشٌ ج مُذْهِشَاتٌ: كىشىنى چۆچۈتىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان.

مُذْهِنٌ: مايلىق، سېمىز.

مَدْهَنٌ ج مَدَاهِنُ: ياغ بوتۇلكىسى، ماي قاچىسى، مايدان.

مَدْهُوْشٌ: تېڭىرقاپ قالغۇچى، ھەيرەتتە قالغۇچى، تەئەججۇپلەنگەچى، ھەيران قالغۇچى.

مَذْهُوٌّ: مۇسىبەتكە دۇچار بولغۇچى، بېشىغا كۈن چۈشكۈچى.

مِدْوَاسُ الْآلَةِ: باسقۇچ، پېدال، تەپمە.

مَدُوْرٌ: قورتلۇق، قۇرتلاپ قالغان.

مِدْوَرٌ: پىرقىرىغۇچ.

مَدُوْسٌ: يانجىلغان.

مِدْوَسٌ: تەپمە، باسقۇچ، پېدال.

مِدْوَسَةٌ: ئاياغ سۈرتۈش ئۈچۈن ئىشىك تۈۋىدە قويغان پالاس قاتارلىقلار.

مِدْوَكٌ ج مَدَاوِكُ: ھاۋانچا.

مُدَوَّدٌ: قۇرتلۇق، قۇرتلاپ كەتكەن.

مُدَوَّرٌ: يۇملاق، دۈگىلەك .

مُدَوَّنٌ ج مُدَوَّنَاتٌ: خاتىرىلەنگەن، كۈندىلىك خاتىرە.

مُدَوَّنَاتُ الْمُحَاضَرَاتِ: لېكسىيلەردىن خاتىرە.

مَدْوِيٌّ: يۇقىرى ئاۋازلىق، پىچاقچى.

شُهْرَةٌ مَدْوِيَّةٌ: مەشھۇر، ئاتاقلىق .

مَدَى يَمْدِي مَدْيًا الشَّخْصَ: پىچاق سالدى، پىچاق تىقتى.

مَدًى: دائىرە، يىراقلىق، مۇساپە، ئاخىرقى توچكا، غايە.

مَدَى السُّلْطَةِ: ھوقۇق دائىرىسى.

مَدَى الْعُمْرِ: ئۆمۈرۋايەت ئۆمۈر بويى، بىر ئۆمۈر، ئۆمۈرلۈك.

مَدَى الْبَصَرِ أَوْ مَدَى عَيْنَيْهِ: نەزەر دائىرە، كۆرۈش دائىرىسى، نەزەر دائىرىسى.

«هُوَ مِنِّيْ عَلَى مَدَى الْبَصَرِ»: ئۇ مېنىڭدىن كۆز يېتىم جايدا تۇرۇۋاتىدۇ.

بَعِيْدُ الْمَدَى: چوڭقۇر، ئۇلۇغۋار.

عَلَى مَدَى السَّنَةِ: يىل بويى، پۈتۈن يىل، پۈتۈن يىل داۋامىدا.

السِّجْنُ مَدَى الْحَيَاةِ: مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسى.

«بَلَغَ الْمَدَى فِي الْكَرَمِ»: سېخىيلىقتا يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

«مَدَى الصَّوْتِ»: ئاۋاز يەتكۈدەك دائىرە.

«عَلَى مَدَى أَمْتَارٍ»: بىرقانچە مېتىر دائىرىدە.

«بُنْدُقِيَّةٌ بَعِيْدُ الْمَدَى»: يىراققا ئاتىدىغان مىلتىق.

«مِدْفَعٌ بَعِيْدُ الْمَدَى»: يىراققا ئاتىدىغان توپ، زەمبىرەك.

«لَا أَفْعَلُ هَذَا مَدَى الدَّهْرِ»: بۇنى ئۆمۈر بويى قىلمايمەن.

مُدْيَةٌ / مَدْيَةٌ / مِدْيَةٌ ج مُدًى / مِدًى وَمُدْيَاتٌ وَمُدَيَاتٌ: پىچاق، خەنجەر، غايە.

«بَلَغَ مُدْيَةَ الْحَيَاةِ»: ھاياتى ئاخىرقى چەككە يەتتى.

مَدِيْحٌ ج مَدَائِحُ: مەدھىيە، مەدھىيە سۆزى.

«الْمُتَنَبِّي شَاعِرُ الْمَدِيْحِ»: مۇتەنەببى مەدھىيە يازىدىغان شائىر.

مَدِيْحَةٌ: ئالقىش، قەسىدە، مەدھىيە ناخشىسى.

مَدِيْدٌ: ئۇزۇن.

مِنْ زَمَنٍ مَدِيْدٍ: ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، ئۇزۇندىن بۇيان، ئۇزۇندىن بېرى، بۇرۇندىن تارتىپ.

مَدِيدُ الْقَامَةِ: ئېگىز بويلۇق، شادىپاچاق ئادەم، دارازا.

«عِيدٌ سَعِيدٌ وَعُمْرٌ مَدِيدٌ»: بايرىمىڭىز قۇتلۇق، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن.

مُدِيرٌ ج مُدَرَاءُ: مۇدىر، باشقۇرغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى، دىرېكتور.

مُدِيرُ التَّشْرِيفَاتِ: مۇراسىم رىياسەتچىسى.

مُدِيرُ الْمَسْرَحِ: رېژىسسور.

مُدِيرٌ عَامٌّ: باش دىرېكتور.

مُدِيرُ الْجَامِعَةِ: ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى، ئۇنىۋېرسىتېت باشلىقى.

مُدِيرُ الشَّرِكَةِ: دىرېكتور، شىركەت باشلىقى.

مُدِيرُ الشُّرْطَةِ: ساقچى باشلىقى.

مُدِيرِيَّةٌ ج مُدِيرِيَّاتٌ: ئۆلكە.

مَدِيْنٌ: قەرزدار.

مَدِيْنَةٌ ج مَدَائِنُ وَمُدُنٌ: شەھەر، چوڭ شەھەر.

مَدِيْنَةُ السَّلَامِ: باغدات.

الْمَدِيْنَةُ: مەدىنە مۇنەۋۋەرە.

«إِبْنُ الْمَدِيْنَةِ»: شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، شەھەرلىك.

مَدْيُوْنٌ: قەرزدار.

مَدْيُوْنِيَّةٌ: قەرزدارلىق، قەرزدار بولماق.

مُذَابٌ: ئېرىتىلگەن.

مَذَاقٌ: تەم تېتىش، تېتىپ كۆرمەك.

«مَذَاقُهُ طَيِّبٌ»: تەمى ياخشى.

مُذَاكَرَةٌ: مەسلىھەتلەشمەك، مۇزاكىرىلەشمەك.

مَذْئَبَةٌ ج مَذَائِبُ: بۆرە كۆپ جاي، بۆرىلىك جاي.

مِذَبَّةُ الذِّبَّانِ ج مَذَبَّاتٌ: چىۋىن پالىقى، چىۋىن قورۇغۇچ.

«نَاوِلْنِي مِذَبَّتَكَ لِأَطْرُدَ هَذِهِ الذُّبَابَةَ اللَّعِينَةَ»: پالىقىڭنى بېرىپ تۇرساڭ بۇ قارغىش تەگكۈر چىۋىننى قورۇۋېتەي.

مَذْبَحٌ ج مَذَابِحُ: قۇشخانا، كېكىردەك.

مَذْبَحُ النَّصَارَى: ناسارالارنىڭ كۆتۈپخانىسى، پوپىنىڭ مۇرىتلىرىغا سەمۇول يېمەكلىكى تارقىتىدىغان ئورنى.

«ذَهَبَ بِشَاتِهِ إِلَى الْمَذْبَحِ قَبْلَ التَّضْحِيَّةِ بِهَا لِلتَّأَكُّدِ مِنْ سَلَامَتِهَا»: قۇربانلىق مالنىڭ كېسەللىسىزلىكىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئۇنى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن قۇشخانىغا ئېلىپ باردى.

مَذْبَحَةٌ ج مَذَابِحُ: قانلىق جەڭ، قىرغىن، قەتلىئام.

مُذَبْذَبٌ: ئارىسالدى بولۇپ قالغۇچى، ئىككىلىنىپ قالغۇچى.

مَذْبُوحٌ: قۇربانلىق قىلىنغان، ئۆلتۈرۈلگەن، بوغۇزلانغان.

مَذْخَرٌ ج مَذَاخِرُ: ئىسكىلات، ئامبار.

مَذْخُورٌ: زاپاس قوشۇن، زاپاس قىسىم.

مَذَّاقٌ: ساختىپەز، يالغانچى.

مَذَّرَ يُمَذِّرُ تَمْذِيرًا الشَّيْءَ: يايدى، تارقاتتى، چاچتى، پارچىلىدى، بۆلدى.

مَذِرَ يَمْذَرُ مَذَرًا-تِ الْبَيْضَةُ: تۇخۇم سېسىدى، سېسىپ پۇراپ قالدى، يالاپ قالدى.

مَذِرَ الشَّخْصُ: ھاجەتكە كۆپ بارىدىغان بولۇپ قالدى.

مَذَرٌ: سېسىماق، بۇزۇلۇپ قالماق.

«تَفَرَّقُوْا شَذَرَ وَمَذَرَ»: ئۇلار سەرسان-سەرگەردان بولۇپ كەتتى.

مَذِرٌ: چىرىك، چىرىكلىك، سېسىق پۇراق، بەتبۇي.

مِذْرَاةٌ ج مِذَارٍ: ياغاچ ئارا.

مِذْرَى ج مَذَارٍ: ياغاچ ئارا.

مِذْعَانٌ: ئىتائەتچان، ئىتائەتمەن، رايىش.

فَرَسٌ مِذْعَانٌ: ياۋاش ئات.

مَذْغُورٌ: چۆچۈگۈچى، قورقۇنچاق.

مَذْعُوفٌ: زەھەر بېرىلگەن، زەھەرلەنگەن.

طَعَامٌ مَذْعُوفٌ: زەھەر سېلىنغان تاماق.

مَذَقَ يَمْذُقُ مَذْقًا الشَّرَابَ: سۇيۇلدۇردى، بوشاشتۇردى، شارابقا سۇ قوشتى.

مَذِقٌ: سۇيۇق، شالاڭ.

مِذْكَارٌ ج مَذَاكِيرُ: كۆپ ئوغۇل تۇغىدىغان ئايال، ئوغۇلچى ئايال.

مَذْكِرٌ: ئوغۇل تۇغقان ئايال.

مُذَكِّرٌ: ۋەز ئېيتقۇچى، ئەسلەتكۈچى، ئەسلەتمە.

مُذَكَّرٌ: ئەر، ئەر جىنسى.

مُذَكِّرَةٌ ج مُذَكِّرَاتٌ: ئۆلتىماتوم، باياناتنامە، ئەسلەتمە، خاتىرە دەپتەر.

مُذَكِّرَةُ الْمُحَامِي: ئادۋوكاتنىڭ ئېتىرازنامىسى، ئادۋوكاتنىڭ باياناتنامىسى، ئادۋوكاتنىڭ يازما دوكلاتى.

مُذَكِّرَةٌ تَفْسِيرِيَّةٌ: قانۇن ياكى يېڭى پرىنسىپ ئارقىلىق مەقسەتنى چۈشەندۈرىدىغان باياننامە.

مُذَكِّرَةُ اِحْتِجَاجٍ: نارازىلىق باياننامىسى.

مُذَكِّرَةُ اِتِّهَامٍ: قارىلاش باياننامىسى.

مُذَكِّرَةٌ: كۈندىلىك خاتىرە.

«سَجَّلَ فِي مُذَكِّرَتِهِ مَوْعِدَ قِيَامِ الطَّائِرَةِ»: خاتىرە دەپتىرىگە ئايروپىلاننىڭ قوزغىلىش ۋاقتىنى خاتىرىلىۋالدى.

مُذَكَّرَةٌ ج مُذَكَّرَاتٌ: ئەركەكزەدەك.

إِمْرَأَةٌ مُذَكَّرَةٌ: ئەركەكزەدەك ئايال.

مَذْكُورٌ: ئېيتىلغان، زىكىر قىلىنغان، تىلغا ئېلىنغان.

مَذْكُورٌ أَعْلَاهُ: يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مَذْكُورٌ أَدْنَاهُ: تۆۋەندە تىلغا ئېلىنىدۇ، تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

مَذْكُورٌ سَابِقًا: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، يۇقىرىدا ئېيتىلغان.

﴿هَلْ أَتَى عَلَى الْإِنسَانِ حِينٌ مِّنَ الدَّهْرِ لَمْ يَكُن شَيْئًا مَّذْكُورًا﴾ «قرآن»: ئىنسانلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بىر مۇددەتنى ئۆتكۈزىدۇ، ئۇ (ئەرزىمىگەنلىكتىن) تىلغا ئېلىنمىدىغان نەرسە بولمىدى.

مَذِلَ يَمْذَلُ مَذْلًا مَذَلَ يَمْذُلُ مَذْلًا وَمِذَالًا بِسِرِّهِ: سىرىنى پاش قىلىپ قويدى، مەخپىيەتلىكنى پاش قىلىپ قويدى.

الْمُذِلُّ: ئاللاھتائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمنى خارلىققا دۇچار قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.

مَذَلَّةٌ: خارلىق، شەرمەندىلىك، پەسلىك، رەزىللىك.

مُذَلَّلٌ: تەييارلانغان، مېڭىش ئاسان يول.

مَذَمَّةٌ ج مَذَامُّ: رەزىللىك، قاباھەتلىك، ئەخلاقسىزلىق، ناچار قىلىق.

قَضَى مَذَمَّةَ صَاحِبِهِ: دوستىنىڭ مالامەتكە قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى.

مَذْمُومٌ: ئەيىبلەنگەن، مالامەت قىلىنغان، نومۇسسىز.

مُذْنِبٌ: گۇناھكار، خاتالاشقۇچى، جىنايەتچى، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى.

مُذَنَّبٌ ج مُذَنَّبَاتٌ: قۇيرۇقلۇق، قۇيرۇقى بار.

نَجْمٌ مُذَنَّبٌ: قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

مَذْهَبٌ ج مَذَاهِبُ: يول، تەلىمات، مەسلەك، مەزھەپ، ئەقىدە، ئېتىقاد، كۆزقاراش، ئىزىم.

مَذْهَبُ الْفَرْدِيَّةِ: شەخسىيەتچىلىك.

مَذْهَبُ النِّسْبِيَّةِ: نىسپىيلىك نەزەرىيىسى.

مَذْهَبُ الْوَحْدَةِ: بىر مەنبەچىلىك، مونىزم.

مَذْهَبُ الْكَثْرَةِ: كۆپ مەنبەچىلىك.

الْمَذْهَبُ الْوَاقِعِيّ: رېئالىزم .

الْمَذْهَبُ التَّطَوُّرِي الْمُبْتَذَل: چاكىنا تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى.

الْمَذْهَبُ الْمَادِيّ: ماتېرىيالىزم .

الْمَذْهَبُ التَّجْرِيبِيّ: تەجرىبىچىلىك نەزەرىيىسى.

الْمَذْهَبُ الْغَرَضِيّ: مەقسەت نەزەرىيىسى.

الْمَذْهَبُ الْمِثَالِيّ الذَّاتِيّ: سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم.

الْمَذْهَبُ لَا أَدْرِيَّةٌ: بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى.

الْمَذْهَبُ الْمَعَانِيّ: چۈشەنچە نەزەرىيىسى.

الْمَذْهَبُ النَّقْدِيّ التَّجْرِيبِيّ: تەجرىبە تەنقىدچىلىكى.

الْمَذْهَبُ السُّلْطَةُ الْمُطْلَقَةُ: ھاكىمىيۇتلەقلىق.

مَذْهَبُ الْمَنْفَعَةِ: مەنپەئەتپەرەسلىك.

الْمَذْهَبُ الْحُرّ: ھۆررىيەتچىلىك، لىبېرالىزم.

مَذْهَبُ الْوَضْعَةِ: قېلىپبازلىق، قاتماللىق، ئەندىزىچىلىك.

الْمَذْهَبُ الْمِثَالِيّ: ئىدېئالىزم.

الْمَذْهَبُ الْعَقْلِيّ: ئەقلىيلىق، ئەقلىچىلىق.

«مَا يُدْرَى لِفُلَانٍ مَذْهَبٌ»: تۇتامى يوق.

«مَذْهَبِي فِي حَيَاتِي كَذَا»: ھاياتتىكى مەسلىكىم مۇنداق.

مَذَاهِبُ الْإِسْلَامِ الْأَرْبَعَةِ: ئىسلام دىنىنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپى (ھەنەپىي، شافىئىي، مالىكىي، ھەنبەلىي).

مَذْهَبِيٌّ: مەزھەپكە خاس، مەزھەپكە ئائىت.

مُذْهِلٌ: ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان، ھەيران قالدۇرىدىغان.

«حَقَّقَ فِي أَعْمَالِهِ نَصْرًا مُذْهِلًا»: ئىشلىرىدا ھەيران قالارلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

مُذَهَّبٌ: ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ئالتۇن ياتىلغان.

الْمُذَهَّبَاتُ: ئالتۇن ھەل بېرىلگەن شېئىرلار (بۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يەتتە قەسىدىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار «سەبئى موئەللەقات» دەپ ئاتالغان يەتتە قەسىدىدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مَذْهُولٌ: ھەيران قالغان، ھاڭ ـ تاڭ قالغان.

«وَقَفَ الْفَنَّانُ مَذْهُولًا أَمَامَ جَمَالِ اللَّوْحَةِ»: سەنئەتچى گۈزەل كۆرۈنۈش ئالدىدا ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ تۇرۇپ قالدى.

مِذْوَدٌ ج مَذَاوِدُ: ئوقۇر؛ شەرەپنى قوغدىغۇچى.

مَذِيٌّ: جۈمەكتىن تامچىلىغان سۇ، جۈمەكتىن چۈشىدىغان سۇ؛ مەزى.

مِذْيَاعٌ: رادىئو، سىمسىز رادىئو، كاناي، مىكرافون، سىر ساقلىيالمايدىغان ئادەم، گەپ توشۇغۇچى، سۆخەنچى.

مِذْيَاعٌ كَهْرَبِيّ: ئاڭلىتىش ئاپپاراتى.

مُذِيبٌ: ئېرىتكۈچى.

مُذِيعٌ: ئاڭلاتقۇچى دىكتور.

مُذِيعُ الرَّبْطِ بَيْنَ الْفِقْرَاتِ: كىرىشتۈرگۈچى.

مُذِيعُ النَّشْرَةِ الْأَخْبَارِيَّةِ: دىكتور.

الْمُذِيعُ يَقْرَأُ الْأَخْبَارَ: دىكتور خەۋەر بەرمەكتە.

مَذِيقٌ: سۇيۇق، شالاڭ.

مَذِيمٌ: ئەيىبلەنگۈچى.

مَذْيُومٌ: ئەيىپلانغۇچى.

مَرَأَ يَمْرَأُ مَرَاءَةً الطَّعَامُ: تاماق تەملىك بولدى، تېتىملىق بولدى، يېيىشلىك بولدى، مەزىلىك بولدى، ئېغىزغا تېتىدى.

مَرُؤَ الْمَكَانُ: جاي ھاۋالىق بولدى، سالامەتلىككە ماس كەلدى، ھاۋاسى گۈزەل بولدى.

مَرُؤَ يَمْرُؤُ مُرُوءَةً: دادىل بولدى، جۈرئەتلىك بولدى، يۈرەكلىك بولدى، قەيسەر بولدى، سۇباتلىق بولدى، مەتانەتلىك بولدى.

مَرِئَ يَمْرَأُ مَرَاءَةً الطَّعَامُ: تاماق تەملىك بولدى، مېزىلىك بولدى، يېيىشلىك بولدى.

مَرْءٌ م مَرْآنِ ج رِجال: ئادەم، ئىنسان، كىشى، ئەر.

«اَلْمَرْءُ مَعَ مَنْ أَحَبَّ» ‹حديث›: «كىشى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ».

«يُحَارُ الْمَرْءُ مِنْ أَيْنَ يَبْدَأُ»: كىشى قەيەردىن باشلاشتا تېڭىرقاپ قالىدۇ.

مِرَاءٌ: جېدەل-ماجىرا.

«لَا مِرَاءَ فِي أَنَّهُ مُصِيبٌ»: ئۇنىڭ توغرىلىقىدا ھېچقانداق دەتالاش يوق.

«لَا مِرَاءَ فِي الْأَمْرِ»: ھېچقانداق شەك يوق.

مُرَاءَاةٌ: ساختىلىق، رىياكارلىق.

مَرَّ مُرَائِلًا: ئۇ ئىنتايىن تېز مېڭىپ كەتتى.

مُرَاءٍ: رىياكار، ساختىپەز، مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمچى.

مُرَابَحَةٌ: پاي سودىسى، ئېرىشكەن پايدىنى تەڭ بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن مەبلەغ سېلىش.

أَعْطَاهُ مَا لَا مُرَابَحَةً: ئۇنىڭغا پايدىسى تېگىدىغان مال بەردى.

بَيْعُ الْمُرَابَحَةِ: ئېرىشكەن پايدىنى تەڭ بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن مەبلەغ سېلىش.

مُرَابِطٌ: مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى.

مُرَابِطُ الْجَيْشِ: مۇھاپىزەتچى ئارمىيە، مۇداپىئە قوشۇنى.

مُرَابِعٌ: ھەر يىلى ھوسۇلنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئالغۇچى.

مُرَابَعَةٌ: 1/4نى ئالماق، باھاردا (ئەتىيازدا) مۇئامىلە قىلىشماق.

إِسْتَأْجَرَهُ مُرَابَعَةً: ئۇنى ئەتىيازدا ياللىدى.

مُرَابٍ: جازانىخور.

مَرَاتِجُ: تار يول.

مَرَاثٌ: ئاتنىڭ كۆتى، ئاتنىڭ قوڭى، مەقئەتتى.

مُرَاجِعٌ: تەكشۈرگۈچى.

مُرَاجِعُ الْحِسَابَاتِ: ھېسابات تەكشۈرگۈچى.

مُرَاجَعَةٌ: تەكرارلىماق، قايتا قاراپ چىقماق، سېلىشتۇرماق، تەكشۈرۈشتىن ئۆتمەك.

مُرَاجَعَةُ الْحِسَابَاتِ: ھېساباتنى قايتا تەكشۈرمەك، قايتا قاراپ چىقماق.

مَرَاحٌ: قارارگاھ، بارىدىغان جاي، كۇلۇب.

«إِنْطَلَقَ الْأَطْفَالُ إِلَى الْمَرَاحِ لِيَلْهُوا وَيَلْعَبُوا»: بالىلار ئويناپ-كۈلۈش ئۈچۈن كۇلۇبقا كەتتى.

مِرَاحٌ: خۇشال، شاد، خۇشال-خۇرام، شاد-خۇرام.

مُرَاحٌ: ئېغىل، ئاتخانا، قوتان.

مُرَاحُ الْغَنَمِ: قوي قوتىنى.

مُرَادٌ: ئارزۇ، مەقسەت، نىيەت، نىشان، مۇراد.

مَرَادٌ: شامال تۇرۇلىدىغان جاي، بوشلۇق ماكان، يەر، سورۇن، تۆگە يايلىقى.

مُرَادِفٌ ج مُرَادِفَاتٌ: مەنىداش سۆز، مەنىسى ئوخشاش سۆز.

مِرَارًا: كۆپ قېتىم، بىرقانچە قېتىم، قايتا.

مِرَارًا وَتَكْرَارًا: قايتا-قايتا، كۆپ مەرتىۋە، كۆپ قېتىم، تەكرار-تەكرار.

مَرَارَةٌ: ئۆت، ئۆت سۇيۇقلۇقى.

مَرَارَةٌ ج مَرَائِرُ وَمَرَارَاتٌ: ئۆت خالتىسى؛ ئاچچىق؛ زەھەر.

«إِنْشَقَّتْ مَرَارَتُهُ غَيْظًا»: قاتتىق غەزەپلەندى، قاتتىق ئاچچىقلاندى.

يَشْعُرُ بِمَرَارَةٍ: ئەلەملىك ھېس قىلماقتا.

يَبْكِي بِمَرَارَةٍ: قاتتىق يىغلىدى، ئۆكسۈپ يىغلىدى، ئېسەدەپ يىغلىدى، ھۆركىرەپ يىغلىدى، بوغۇلۇپ يىغلىدى.

مَرَازٌ. مَرَازَةٌ: ئېغىرلىق، ئومۇمىي سانى، جەمئىي.

مِرَاسٌ. مَرَاسَةٌ: كۈچ-قۇۋۋەت، بىر ئىشقا ئۇرۇنۇش.

سَهْلُ الْمِرَاسِ: ياۋاش، كۆنۈك، ئۆگەنگەن، كۆنگەن.

صَعْبُ الْمِراسِ: باشقۇرۇش قىيىن.

مُراسِلٌ: مۇخبىر، ئالاقىچى.

مُراسِلٌ خَاصٌّ: مەخسۇس مۇخبىر، ئالاھىدە مۇخبىر، ئالاھىدە ئالاقىچى.

«مُراسِلُ الصَّحِيفَةِ الْحَرْبِيِّ»: ھەربىي مۇخبىر.

مُراسِلُ الصَّحِيفَةِ الْخَاصِّ: ئالاھىدە مۇخبىر.

مُرَاسَلَةٌ: خەت ئەۋەتىشمەك، خەۋەرلەشمەك، ئالاقىلەشمەك، ئالاقىلىشىپ تۇرماق.

مُرَاضَاةٌ: رازى بولماق، مەمنۇن بولماق، قانائەت قىلماق، خۇشال بولماق.

مِرَاطٌ: پەيسىز ئوق، پەيسىز يا ئوقى.

مُرَاعَاةٌ: كۆڭۈل بۆلمەك، رىئايە قىلماق، دىققەت قىلماق، يۈز ـ خاتىرە قىلماق، نەزەردە تۇتماق.

مُرَاعَاةً لِخَاطِرِهِ: ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ.

مَعَ مُرَاعَاةِ مَا جَاءَ فِي مَادَّةِ كَذَا: .... نىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىپ.

مُرَاعَاةُ الْخَوَاطِرِ: يان باسماق، تەرىپىنى ئالماق، يۈز ـ خاتىرە قىلماق.

مُرَاعَاةً لِكَذَا: .... غا كۆڭۈل بۆلۈپ، .... نى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ، .... نەزەردە تۇتۇپ.

مُرَاعَاةً لِصِحَّتِهِ: ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ.

قَاعِدَةُ أَوْلَى الدُّوَلِ بِالْمُرَاعَاةِ: ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ تۇپ پرىنسىپى .

مَرَاعِفُ: بورۇن ۋە بورۇن ئەتراپى.

مُرَاعٍ: ئېھتىيات قىلغۇچى، دىققەت قىلغۇچى.

مُرَاعِي الْمَوَاعِيدِ: ۋاقتىغا رىئايە قىلغۇچى.

مُرَاغَمَةٌ: ئاچچىقلىماق، دۇشمەنلەشمەك، يىراقلاشماق.

مُرَافَعَةٌ ج مُرَافَعَاتٌ: دەۋانىڭ توغرا ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان مۇئەييەن چارە ـ تەدبىرلەر.

مُرَافَعَةُ الْمُحَامِي: ئادۋوكاتنىڭ سوتتا ئاقلاپ چىقىشى.

حَقّ الْمُرَافَعَةِ: دەۋا ھەققى.

يَوْمُ الْمُرَافَعَةِ: ئادۋوكاتنىڭ قارىلانغۇچىنى ئاقلاشقا بەلگىلەنگەن كۈن.

قَانُونُ الْمُرَافَعَةِ: دەۋا قانۇنى.

جَلْسَةُ الْمُرَافَعَةِ: سوراق قىلىش، تىرگاۋ قىلىش.

مُرَافِقٌ: ھەمراھ، شېرىك، بىللە بولغۇچى، ھەمراھ بولغۇچى.

مُرَافِقُ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ يارى، ئاشىقى، سۆيگىنى.

مَرَافِقُ عَامَّةٌ: ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرى.

الْمَرَافِقُ الْعِلْمِيَّةُ: ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى.

مُرَافَقَةٌ: ھەمراھ بولماق، بىللە بولماق.

«تَجَنَّبْ مُرَافَقَةَ الْأَشْرَارِ»: يامان ئادەملەرگە ھەمراھ بولۇشتىن ساقلان.

مُرَاقِبٌ ج مُرَاقِبُونَ: تەكشۈرگۈچى، نازارەت قىلغۇچى، كۆزەتكۈچى، باشقۇرغۇچى.

مُرَاقِبُ الْإِمْتِحَانَاتِ: ئىمتىھان نازارەتچىسى.

مُرَاقَبَةٌ: باشقۇرماق، تەكشۈرمەك، نازارەت قىلماق، كۆزەتمەك، مارىماق.

لَجْنَةُ الْمُرَاقَبَةِ: تەكشۈرۈش ھەيئىتى، تەپتىش كومىتېتى.

رِسَالَةُ مُرَاقَبَةٍ: تەكشۈرۈلگەن ماقالە، چەكلەنگەن ماقالە.

مُرَاقَبَةُ الْمَطْبُوعَاتِ: مەتبۇئاتنى تەكشۈرمەك.

مُرَاقَبَةُ الْإِمْتِحَانَاتِ: ئىمتىھاننى نازارەت قىلىش.

«وَضَعَهُ تَحْتَ الْمُرَاقَبَةِ»: ئۇنى نازارەت ئاستىغا ئالدى.

مَرَاقُ الْبَطْنِ: قورساقنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

مَرَاكِبِيٌّ ج مَرَاكِبِيَّةٌ: كېمىچى، ئۆز كېمىسى بىلەن

تىرىكچىلىك قىلغۇچى.

مُراكَضَةٌ: چېپىشماق، چېپىشىشتا مۇسابىقىلەشمەك.

مُراكَلَةٌ: تېپىشمەك.

مُراكَنَةٌ: قۇدا چۈشمەك، قۇدىلاشماق، چاي ئىچۈرمەك.

مَرامٌ ج مَرامَاتٌ: ئۈي - مۇددىئا، مەقسەت، ئارزۇ، غايە، تىلەك، ئۈمىد، نىشان.

بَلَغَ مَرامَهُ: مەقسىتىگە يەتتى.

مُرامَحَةٌ: نەيزىۋازلىق.

الْمُرامِي: قەۋس يۇلتۇز تۇركۇمى.

مِرانٌ: مەشىق، مەشىق قىلماق.

مِرانٌ جَسَدِيٌّ: گىمناستىكا، تەنتەربىيە، تەنھەرىكەت.

مَرانَةٌ: ئەۋرىشىملىك، ئېلاستىكلىق، ئېگىلىشچانلىق.

مُراهِقٌ ج مُراهِقُونَ: بالاغەتكە يەتكۈچى ئەر.

مُراهَقَةٌ: بالاغەتكە يەتمەك.

سِنّ الْمُراهَقَةِ: بالاغەت يېشى.

«نَضَجَ تَفْكِيرُهُ وَتَخَطَّى مَرْحَلَةَ الْمُراهَقَةِ»: ئۇنىڭ پىكرى پىشىپ يېتىلىپ بالاغەتكە يېتىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

مُراهَنَةٌ ج مُراهَنَاتٌ: شەرتلەشمەك، باغلاشماق، بەسلەشمەك.

مُراوِغٌ: ياغلىما سۆزلۈك ئادەم، ھىيلىگەر.

مُراوِغَةٌ: باش تارتماق، رەت قىلماق، ئۆزىنى قاچۇرماق.

مُراوِغَةٌ فِي الْكَلَامِ: ياغلىما سۆز قىلماق.

مِرْآةٌ ج مَرَايَا: ئەينەك.

إِنَّ التَّارِيخَ مِرْآةٌ لِحَوادِثِ الزَّمَانِ: تارىخ زامان ھادىسىلىرىنىڭ ئەينىكىدۇر.

مَرْأَبٌ ج مَرَائِبُ: گاراژ، ئاپتوموبىل ئىسكىلاتى، ماشىنا قويىدىغان ئۆي.

«وَضَعَ سَيَّارَتَهُ فِي الْمَرْأَبِ لِيَحْمِيَهَا مِنْ حَرَارَةِ الشَّمْسِ»: قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماشىنىسىنى ماشىنا ئىسكىلاتىغا قويدى.

مَرْأَةٌ ج نِسَاءٌ وَنِسْوَةٌ وَنِسْوَانٌ: ئايال، خوتۇن كىشى، خوتۇن.

مَرْؤُوسٌ: بۇقرا، تۆۋەن تەبىقە.

مَرْأًى ج مَرَاءٍ: كۆرۈش دائىرىسى ئىچىدە، مەنزىرە، كۆرۈنۈش.

عَلَى مَرْأَى النَّاسِ: كىشىلەر ئالدىدا، كىشىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان جايدا، ئاما ئالدىدا.

«لِهَذِهِ الْفَتَاةِ مَرْأًى حَسَنٌ»: بۇ قىزنىڭ چىراي-شەكلى گۈزەل.

فُلَانَةٌ حَسَنَةُ الْمَرْأَى: پالانى ئايال گۈزەل، كۆرۈنۈشى چىرايلىق.

«فَعَلَهُ بِمَرْأَى مِنَ الْجَمِيعِ»: ھەممە ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا قىلدى.

مَرْئِيٌّ: كۆرگىلى بولىدىغان، روشەن، ئاشكارا.

مَرْئِيَّاتٌ: كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر.

عِلْمُ الْمَرْئِيَّاتِ: ئوپتىكا (نۇرنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە ماددىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر بىر خىل فىزىكىلىق ئىلىم).

مَرْبَأٌ ج مَرَابِئُ: كۆزىتىش ئورنى.

مُرَبَّبٌ ج مُرَبَّيَاتٌ: مۇراببا.

«تَنَاوَلَ فِي إِفْطَارِهِ بَعْضَ الْمُرَبَّيَاتِ»: ناشتىدا مۇراببادىن ئازراق ئىستېمال قىلدى.

مُرَبَّةٌ ج مُرَبَّاتٌ: مۇراببا.

مُرَبَّعٌ: تۆت چاسا، تۆت بۇرجەكلىك، كۋادرات.

مِتْرٌ مُرَبَّعٌ: كۋادرات مېتىر.

بِنَاءٌ مُرَبَّعٌ: تۆت چاسا بىنا.

مُرَبَّعٌ قَائِمُ الزَّاوِيَةِ: تىك بۇلۇڭلۇق تۆت چاسا.

شِبْهُ مُرَبَّعٍ: تراپېتسىيە شەكىللىك.

مُرَبّ: يېتەكچى، تەربىيىچى، ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم، ئۇستاز، ماتارىپشۇناس.

مُرَبَّى: تەربىيە كۆرگەن، تەربىيىلەنگەن، مۇراببا.

كَيْفَمَا يَكُنِ الْمُرَبِّي يَكُنُ الْمُرَبَّى: تەربىيىچى قانداق بولسا تەربىيىلەنگۈچى شۇنداق بولىدۇ.

مُرَبِّيَةٌ: ئايال تەربىيىچى، ئايال ئۇستاز، بالا تەربىيىچىسى، خانىم.

الطِفْلُ جَالِسٌ مَعَ مُرَبِّيَتِهِ: بالا تەربىيىچى خانىمى بىلەن ئولتۇرىدۇ.

مُرَبِّيَةُ أَطْفَالٍ: بالا تەربىيىچىسى.

مُرْبِحٌ: پايدا ئالغۇچى، پايدا ئالغىلى بولىدىغان، پايدىلىق، پايدا بېرىدىغان.

مَرْبَضٌ ج مَرَابِضُ: ئېغىل، قوتان.

مَرْبِطٌ ج مَرَابِطُ: ئۇلاغ باغلايدىغان ئورۇن.

هَذَا مَرْبِطُ الْفَرَسِ: گەپنىڭ مەزمۇنى، گەپنىڭ پوسكاللىسى.

مَرْبَطٌ ج مَرَابِطُ: ئانا، ئارغامچا.

مَرْبَعٌ ج مَرَابِعُ: يايلاق، ئوتلاق، باھارنى ئۆتكۈزىدىغان جاي، چارۋىچىلىق مەيدانى.

مَرْبَعُ الصَّيْدِ: ئوۋ مەيدانى.

مِرْبَعَةٌ ج مِرْبَعَاتٌ وَمَرَابِعُ: ئىرەك، پىشاڭ.

مُرْبِكٌ: بىرىكتۈرگۈچى، ئاۋارە قىلغۇچى، خاپا قىلغۇچى.

مَرْبُوبٌ: ئاسرالدى ئوغۇل.

مَرْبُوطٌ: باغلانغان.

تَاءٌ مَرْبُوطَةٌ: «ت» نىڭ «ة» شەكلى.

مَرْبُوعٌ: ئوتتۇرا بوي.

رَجُلٌ مَرْبُوعٌ: ئوتتۇرا بوي ئادەم.

مَرْبُوعُ الْقَامَةِ: ئوتتۇرا بوي ئادەم.

مَرْتِي: يەسلى.

مَرَتَ يَمْرِتُ مَرْتًا الشَّيْءَ: سىلىقلىدى، تەكشىلىدى، سىلىقلاتتى.

مُرْتَابٌ: شەك قىلغۇچى، شەكلەنگۈچى، گۇمانلانغۇچى، شۇبھىلىك.

«وَأَلَنْتَ أَلْبَابَ الْوَرَى بِمَوَاعِظٍ غُرٍّ وَمَا فِي صِدْقِهَا مُرْتَابٌ»: تەسىرلىك ۋەزلىرىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئېرىتىۋەتتىڭ. بۇ ۋەزلەرنىڭ راستلىقىدا شەك قىلىدىغان ھېچ كىشى يوق.

مِرْتَاجٌ ج مَرَاتِيجُ: دمم، تاقاق.

«أَحْكِمْ غَلْقَ الْبَابِ بِالْمِرْتَاجِ»: ئىشىكنى تاقاق بىلەن مەھكەم تاقىغىن!

مُرْتَاحٌ: راھەتلەنگۈچى، مەمنۇن بولغۇچى، خاتىرجەم.

مُرْتَاحُ الْبَالِ: خاتىرجەملىك.

مُرْتَاعٌ: قورقۇنچلۇق، ھەيران قالارلىق، كىشىنى چۆچۈتىدىغان.

مَرْتَبَةٌ ج مَرَاتِبُ: دەرىجە، مەرتىۋە، كاتېگورىيە، ئورۇن، ئۇنۋان، كۆرپە.

مَرْتَبَةُ الْمِئَاتِ: يۈزلەر خانىسى.

مَرْتَبَةُ الْعَشَرَاتِ: ئونلۇق خانە، ئونلار خانىسى.

مَرْتَبَةُ الْأُلُوفِ: مىڭلار خانىسى.

«حَصَلَ عَلَمَرْتَبَةِ الشَّرَفِ»: شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى.

إِحْتَلَّ الْمَرْتَبَةَ الْأُولَى: بىرىنچىلىكنى ئالدى.

مُرْتَبِطٌ ج مُرْتَبِطُونَ: ئالدىراش، باغلانغان، مەشغۇل.

«أَرْجُو أَلَّا تَكُونَ مُرْتَبِطًا هَذَا الْيَوْمَ لِتُشَرِّفَنِيْ بِالزِّيَارَةِ»: بۈگۈن بىزنى يوقلاپ شەرەپناك قىلىشىڭىز ئۈچۈن بىرەر ئىشقا تۇتۇلۇپ قالمىسىڭىزكەن.

مُرْتَبِطٌ بِمَوْعِدٍ: ۋەدىلىشىپ قويغان.

مُرْتَبِطَةٌ اِرْتِبَاطًا وَثِيقًا: مۇستەھكەم باغلانغان.

مُرْتَبِكٌ: مۇرەككەپ، چىگىش.

مُرَتَّبٌ ج مُرَتَّبَاتٌ: تەرتىپلىك، رەتلىك، ياخشى

ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قائىدىلىك، ماڭاش.

تِلْمِيذٌ مُرَتَّبٌ: تەرتىپلىك ئوقۇغۇچى.

«كَمْ مُرَتَّبُكَ فِي الشَّهْرِ»: ئايلىق ماڭاشىڭ قانچە ؟

دَفْعُ الْمُرَتَّبَاتِ: ئىش ھەققى تارقاتماق.

مُرَتِّلٌ: ئۈنلۈك ئوقۇغۇچى، ناخشا ئېيتقۇچى، (قۇرئاننى) ياخشى ئوقۇغۇچى.

الْمُصْحَفُ الْمُرَتَّلُ: تەجۋىد بىلەن ئوقۇلغان قۇرئان كەرىم.

مُرْتَجٌّ: تەۋرىتىلگەن، تىترىتىلگەن.

صَوْتٌ مُرْتَجٌّ: تىترىگەن ئاۋاز.

مُرْتَجَلٌ: ئويلاپ تۇرماستىنلا ئېيتىلغان سۆز، دەرھال ئوتتۇرىغا قويۇلغان سۆز.

مُرْتَجّ: تەۋرىگەن، تىترىگەن.

صَوْتٌ مُرْتَجّ: تىترىگەن ئاۋاز.

مُرْتَحِلٌ: كۆچۈپ كەتكەن.

«لَا مُرْتَحَلَ الْيَوْمَ»: بۈگۈن سەپەرگە ئاتلانمايمىز.

مُرْتَخِصٌ: باھاسى تۆۋەن، ئەرزان.

مُرْتَخَصٌ: ئەرزان.

جَادَ بِكُلِّ مُرْتَخَصٍ وَغَالٍ: ئىلكىدە بارنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلدى، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

مُرْتَدٌّ: چېكىنگۈچى، يانغۇچى، قايتقۇچى، مۇرتەت.

مُرْتَدٌّ عَنِ الدِّيْنِ: دىندىن يانغۇچى.

مُنْتَسِبٌ ج مُنْتَسِبُونَ: تەۋە؛ ئۈنىۋېرسىتېت سىرتىدىن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى.

«طَالِبٌ مُنْتَسِبٌ إِلَى كُلِّيَّةِ الزِّرَاعَةِ»: يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىغا تەۋە ئوقۇغۇچى.

«تَقْبَلُ الْكُلِّيَّاتُ النَّظَرِيَّةُ آلَافًا مِنَ الْمُنْتَسِبِينَ كُلَّ عَامٍ»: نەزەرىيە فاكۇلتېتلىرى سىرتتىن ئوقۇيدىغانلاردىن ھەر يىلى مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

مُنْتَصِرٌ: زەپەر قۇچقۇچى، غەلىبە قىلغۇچى.

مُنْتَصَفٌ: نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسى، نىسپىي.

«مُنْتَصَفُ الطَّرِيقِ»: يولنىڭ ئوتتۇرىسى.

«مُنْتَصَفُ النَّهَارِ»: چۈش ۋاقتى.

«مُنْتَصَفُ السَّاعَةِ الثَّانِيَةِ»: سائەت ئىككى يېرىم.

«مُنْتَصَفُ الْعَامِ»: يىلنىڭ يېرىمى.

حَتَّى مُنْتَصَفِ اللَّيْلِ كَانَ الثَّلْجُ لَا يَزَالُ يَسْقُطُ: قار يېرىم كېچىگىچە توختىماي يېغىۋاتاتتى.

مُنْتَظِمٌ: رەتلىك، تەرتىپلىك، سىستېمىلىق.

«دِرَاسَةٌ مُنْتَظِمَةُ الْأَجْزَاءِ»: سىستېمىلىق ئۆگىنىش.

مُنْتَفِعٌ ج مُنْتَفِعُونَ: پايدىلانغۇچى.

«مُنْتَفِعٌ بِغَلَّةِ هَذَا الْأَرْضِ»: بۇ يەرنىڭ مەھسۇلاتىدىن پايدىلانغۇچى.

«مُنْتَفِعٌ بِحُقُوقِهِ»: ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلانغۇچى.

مُنْتَقِدٌ ج مُنْتَقِدُونَ: تەيىبلىگۈچى، باھالىغۇچى، ئوبزورچى، تەنقىدلىگۈچى.

مُنْتَقِمٌ: ئىنتىقام ئالغۇچى، ئۆچ ئالغۇچى، ئاداۋەت ساقلىغۇچى، قىساسكار.

مُنْتَكِسٌ: ساقايغان، ساقايغۇچى.

مَتَنٌ ج مَتَائِنُ: سېپسىق پۇرايدىغان يەر.

مُنْتِنٌ: سېپسىق پۇراق.

«مَكَانٌ مُنْتِنٌ»: سېپسىق يەر.

«مَادَّةٌ كِيمِيَاوِيَّةٌ مُنْتِنَةٌ»: پۇرايدىغان خىمىيىلىك ماتېرىيال.

مُنْتَهِبٌ: تالانغان، بۇلانغان.

مُنْتَهٍ: تاماملانغان، ئورۇندالغان، ئۆتۈپ كەتكەن، تولۇق، پۈتۈنلەي، مۇتلەق، مۇكەممەل.

مُنْتَهَى: غايە، ئاخىرقى چەك، ئاخىرقى تۇچكا.

«مُنْتَهَى خَطِّ الْحَافِلَةِ»: ئاپتوبۇس يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى.

بِمُنْتَهَى الْبَسَاطَةِ: ناھايىتى ئاددىي.

بِمُنْتَهَى الْعِنَايَةِ: دىققەت بىلەن.

فِي مُنْتَهَى الْجَوْدَةِ: ناھايىتى ياخشى.

فِي مُنْتَهَى الْيَقْظَةِ: ئىنتايىن سەزگۈر.

فِي مُنْتَهَى السَّخَافَةِ: ناھايىتى كۈلكىلىك.

﴿عِنْدَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى﴾ «قرآن»: سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا.

«بَلَغَ الْأَمْرُ مُنْتَهَاهُ»: ئىش ئاخىرىغا يەتتى.

«كَلَامٌ فِي مُنْتَهَى الْوُضُوحِ»: ئىنتايىن ئوچۇق گەپ.

مَنْتُوجٌ ج مَنْتُوجَاتٌ: مەھسۇلات.

«الْمَنْتُوجَاتُ الزِّرَاعِيَّةُ»: يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى.

«مَنْتُوجَاتٌ صِنَاعِيَّةٌ»: سانائەت مەھسۇلاتلىرى.

مَنْتُوفٌ: يۇلۇنغان موي.

مِنَثٌّ: پىتنىخور، سۆز - چۆچەك تارقاتقۇچى.

مُنْثَلِمُ الصِّيتِ: ئابرۇيى تۆكۈلگەن.

مَنْثُورٌ: چېچىلغان، تارقالغان.

﴿فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَنْثُوراً﴾ «قرآن»: ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز.

شِعْرٌ مَنْثُورٌ: چاچما شېئىر.

مَنْجَاةٌ ج مَنَاجٍ (الْمَنَاجِي): نىجاتلىق يولى، قاچىدىغان جاي، قۇتۇلۇش يولى.

الصِّدْقُ مَنْجَاةٌ: راستچىللىق قۇتۇلۇش يولىدۇر.

مَنْجَةٌ ج مَنْجَاتٌ: مانگو - ئىسسىق جايلاردا بولىدىغان بىر خىل مېۋە.

تَكْثُرُ الْمَنْجَةُ فِيْ مِصْرَ: مانگو دەرىخى مىسىردا كۆپ بولىدۇ.

مُنَجِّمٌ ج مُنَجِّمُونَ: ئاسترونوم، مۇنەججىم، قۇرئەنداز، پالچى.

مَنَجٌّ: قۇتقۇزغۇچى.

مِنْجَدَةٌ ج مَنَاجِدُ: كامالەك، رەگەتكە.

مُنْجَذِبٌ: سەۋدايى، ساراڭ، خۇدىنى يوقاتقان، مەجنۇن، مەپتۇن قىلىنغان.

مَنْجَرٌ / مَنْجَرَةٌ ج مَنَاجِرُ: ياغاچچىلىق كارخانىسى، ياغاچچىلىق زاۋۇتى.

مِنْجَرٌ ج مَنَاجِرُ: رەندە.

مُنْجِزٌ: پۈتتۈرگۈچى، تاماملىغۇچى.

الْحُرُّ مُنْجِزٌ وَعْدَهُ: ھۆر ئادەم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ.

مُنْجَزَاتٌ: مۆۋەپپەقىيەتلەر، ئۇتۇقلار، نەتىجىلەر، مېۋىلەر.

مَنْجَعٌ: ئوتلاق.

مَنْجَعٌ صِحِّيٌّ: دەم ئېلىش ئۆيى، ساناتورىيە.

مِنْجَلٌ ج مَنَاجِلُ: ئورغاق.

مِنْجَلَةٌ ج مَنَاجِلُ: ئىسكەنجە، قىسقۇچ، ئامبۇر.

مَنْجَمٌ ج مَنَاجِمُ: مەنبە، ئەسلى، كېلىپ چىقىشى؛ چىقىش يولى، كان.

«لَيْسَ لَهُ مِنْ هَذَا الْأَمْرِ مَنْجَمٌ»: بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا چىقىش يولى يوق.

«مَنْجَمُ الْفَحْمِ»: كۆمۈر كان.

«مَنَاجِمُ الْحَدِيدِ»: تۆمۈر رۇدا كانلىرى.

«شِرْكَةُ الْمَنَاجِمِ»: كان شىركىتى.

حَفْرُ الْمَنَاجِمِ: كان ئاچماق.

مِنْجَمٌ: جىڭ چوكىسى، تارازا چوكىسى.

مَنْجَنِيقٌ ج مَجَانِقُ وَمَجَانِيقُ مَنْجَنِيقَاتٌ: قونداقلىق زەمبىرەك، قونداقلىق كۈپ، مانجاناق، قونداقلىق ئوقيا (ميخانىكىلىق كۈچ بىلەن ئېتىلىدىغان بىر خىل قەدىمكى قورال (ئوقيا).

مَنْجُورٌ: چىغرىق، غالتەك قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان بول.

مَنْجًى ج مَنَاجٍ (الْمَنَاجِي): قۇتۇلىدىغان يەر؛ ئېگىز يەر، دۆڭلۈك.

مَنَحَ يَمْنَحُ مَنْحًا الشَّيْءَ: بەردى، ئاتا قىلدى، بەخش ئەتتى.

مَنَحَهُ جَائِزَةً: ئۇنى مۇكاپاتلىدى.

مَنَحَهُ وِسَامًا: ئۇنىڭغا مېدال تەقدىم قىلدى.

مَنَحَهُ مُهْلَةً: ئۇنىڭغا مۆھلەت بەردى.

قَرَّرَتِ الْمَدْرَسَةُ أَنْ تَمْنَحَ أَحْسَنَ تِلْمِيذٍ فِي كُلِّ صَفٍّ مِنَ الصُّفُوفِ جَائِزَةً ثَمِينَةً: مەكتەپ ھەربىر سىنىپتىكى ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچىغا قىممەتلىك مۇكاپات بېرىشنى قارار قىلدى.

مَنْحٌ: تەقدىم قىلماق، ھەدىيە قىلماق، بەرمەك.

مِنْحَاتٌ ج مَنَاحِيتُ: قىرىش پىچىقى، ئىسكىنە، ھەيكەلتىراشلىق پىچىقى، كەسكۈچ، قەلەم، ئويمىكارلىق تىغى.

مُنْحَازٌ: بىر تەرەپكە يان بېسىش.

الدُّوَلُ غَيْرُ الْمُنْحَازَةِ: بىتەرەپ دۆلەتلەر.

مِنْحَةٌ ج مِنَحٌ: سوۋغا، سوۋغات، تارتۇق، ھەدىيە، ئېنئام.

مِنْحَةٌ دِرَاسِيَّةٌ: ئوقۇش ياردەم پۇلى.

مِنْحَةُ الْإِنْتَاجِ: ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپات پۇلى.

مِنْحَةُ التَّصْدِيرِ: ئېكسپورت مۇكاپات ياردەم پۇلى.

إِسْتَلَمَ مِنْحَتَهُ الدِّرَاسِيَّةَ: ئوقۇش ياردەم پۇلىنى ئالدى.

مُنْحَدِرٌ: يانتۇلۇق.

مُنْحَدَرٌ ج مُنْحَدَرَاتٌ: يانتۇلۇق، يانتۇ، تۆپىلىك، قاپتال.

مَنْحَرٌ ج مَنَاحِرُ: بوغۇز، بوغۇزلايدىغان يەر، قۇشخانا.

مَنْحَرُ الْجَمَلِ: تۆگىنىڭ بوغۇزلايدىغان يېرى.

مُنْحَرِفٌ: يولدىن چىقىپ كەتكۈچى، تايتىن چىقىپ كەتكەن، بۇرۇلۇپ كەتكەن، قىڭغىر، قىيسىق.

مُنْحَرِفُ الْمِزَاجِ: مىجەزىنىڭ ئۆزگىرىشى.

مُنْحَرِفُ الصِّحَّةِ: ساقسىزلىق.

مُنْحَرِفُ الْأَخْلَاقِ: ئەخلاقى ناچار.

مَنْحَلَةٌ ج مَنَاحِلُ: ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان يەر، ئومارتا.

مُنْحَلٌّ: ئاجرالغان، ئايرىلغان، چۈشكۈنلەشكەن، ئاجىزلاشقان، زاۋالغا يۈزلەنگەن، يىمىرىلگەن.

مُجْتَمَعٌ مُنْحَلٌّ: چېچىلاڭغۇ جەمئىيەت.

شَخْصٌ مُنْحَلٌّ: بەت ئەخلاق ئادەم، بەتقىلىق ئادەم.

مُنْحَنٍ: ئەگرى.

مَنْحُوتٌ: ئويۇلغان، چېپىلغان، تۈزلەنگەن، قىرىلغان.

مَنْحُورٌ: بوغۇزلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن، كۆكرەكنىڭ ئۈستى تەرىپى.

تَنْمُو فِي الْمَنْحُورَاتِ أَشْجَارٌ مُتَفَاوِتَةُ الطُّولِ: تاغ باغرىدا ئېگىز-پەس دەرەخلەر ئۆسىدۇ.

مَنْحُوسٌ ج مَنْحُوسَاتٌ: پالاكەتچىلىككە قالغان، نەس باسقان، بىتەلەي، بەختسىز.

مَنْحُولٌ: ئويدۇرما، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، توقۇلما.

مَنْحًى ج مَنَاحٍ (الْمَنَاحِي): يۆنىلىش، يۈزلىنىش،

ساھە، يول.

«مَنْحَاةُ الْأَخْلَاقِيّ»: ئۇنىڭ ئەخلاقىي يۈزلىنىشى.

«مَنْحَاةُ الْأَدَبِيّ»: ئۇنىڭ ئەدەبىي يۈزلىنىشى.

مَنَاحِي الْحَيَاةِ: تۇرمۇش يوللىرى.

مَنْخَرٌ / مَنْخِرٌ ج مَنَاخِرُ: بۇرۇن، تۇمشۇق، خارتۇم.

مُنْخَفِضٌ: تۆۋەن، پەس.

مُنْخَفِضٌ جَوِّيٌّ: ھاۋاسى تۆۋەن جاي.

مُنْخَفَضٌ ج مُنْخَفَضَاتٌ: ئويمان، ۋادا، چوڭقۇرلۇق.

مُنْخَفَضٌ أَرْضِيٌّ: ئويمانلىق، ئويمان يەر.

مُنْخَفِضَاتٌ: ئويمانلىقلار.

مُنْخُلٌ ج مَنَاخِلُ: ئەلگەك، غەلۋىر.

مَنْخُورٌ: چىرىپ كەتكەن، خوراپ كەتكەن، كۆيە يەپ كەتكەن.

مَنْخُولِيَا: خامۇشلۇق كېسىلى، مالىخولىيا.

مِنْدَاصٌ ج مَنَادِيصُ: ئالقاپ.

رَجُلٌ مِنْدَاصٌ: ئالقاپ ئادەم.

إِمْرَأَةٌ مِنْدَاصٌ: شاللاق ئايال.

مِنْدَخٌ: يوزى قېلىن، نومۇسسىز.

مُنْدَّخٌ: يوزى قېلىن، نومۇسسىز.

مُنْدَرَجَاتٌ: مەزمۇن، مۇندەرىجە.

مِنْدَفٌ. مِنْدَفَةٌ ج مَنَادِفُ: پاختا ئاتىدىغان سايمان(دۈكان).

مَنْدَلٌ: خۇشبۇي ياغاچ.

مَنْدَمٌ: نادامەت، پۇشايمان.

مُنْدَمِجٌ: ئىرلەشكەن، بىرىككەن، ئىخچام، يىغىنچاق.

مُنْدَمِقٌ: كىرىش ئېغىزى، يول.

مَنْدُوبٌ: ياخشىلىقلىرى ئېيتىلغان، ماتەم تۇتۇلغۇچى، تەزىيە بىلدۈرۈلگۈچى، مۇستەھەب، ياخشى ئىش.

مَنْدُوبٌ ج مَنْدُوبُونَ: ئەلچى، ۋەكىل.

«مَنْدُوبٌ خَاصٌّ»: خاس ئەلچى.

«مَنْدُوبٌ تِجَارِيّ»: سودا ۋەكىلى.

مَنْدُوبٌ سَامٍ: يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىل.

مَنْدُوبٌ فَوْقَ الْعَادَةِ: ئالاھىدە باش ۋەكىل.

مَنْدُوبُ الْجَرِيْدَةِ: گېزىتخانا مۇخبىرى.

حَضَرَ إِحْتِفَالَاتِ الْعِيدِ الْوَطَنِيِّ بِصِفَتِهِ مَنْدُوبًا: ئۇ ۋەكىل بولۇش سۈپىتىدە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

الْمَنْدُوبُونَ مُنْتَظِرُونَ فِي الْمَطَارِ: ۋەكىللەر ئايرودرومدا كۈتۈپ تۇرماقتا.

الْمَنْدُوبُونَ مُفَوَّضُونَ عَنْ دُوَلِهِ: تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلەر.

مَنْدُوحَةٌ: ئىمكانىيەت، كەڭ.

أَرْضٌ مَنْدُوحَةٌ: كەڭ زېمىن.

لَا مَنْدُوحَةَ لَكَ عَنْ هَذَا الْأَمْرِ: بۇ ئىشتا سېنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىڭ يوق.

هَذِهِ الْمَعْلُوْمَاتُ لَا مَنْدُوحَةَ لَهُ عَنْهَا: بۇ ماتېرىياللار ئۇنىڭ ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ.

مِنْدِيْلٌ ج مَنَادِيلُ: لۆڭگە، ياغلىق؛ چۈمبەل.

مِنْدِيْلُ الرَّأْسِ: باش ياغلىقى.

«يَمْخُطُ التِّلْمِيذُ النَّظِيْفُ فِي مِنْدِيْلِهِ»: پاكىز ئوقۇغۇچى ياغلىق بىلەن بۇرنىنى ئېرتىپ تۇرىدۇ.

مُنْذُ: .... دىن بۇيان، .... دىن تارتىپ، .... نىڭ مابەينىدە، .... دىن، .... تىن.

مُنْذُ ذَالِكَ الْوَقْتِ: شۇنىڭدىن بۇيان، شۇنىڭدىن تارتىپ.

مَا زَالَ يَدْرُسُ مُنْذُ هُوَ فَتًى: ئۇ يىگىتلىك ۋاقتىلىرىدىن تارتىپلا ئۆگىنىش بىلەن بولدى.

مَا خَرَجَ مِنَ الْبَيْتِ مُنْذُ نَزَلَ الْمَطَرُ: ئۇ يامغۇر ياغقاندىن بۇيان ئۆيدىن چىقمىدى.

مُنْذِرٌ ج مُنْذِرُونَ: ئاگاھلاندۇرغۇچى، قورقۇتقۇچى.

﴿إِنَّمَا أَنتَ مُنذِرٌ...﴾ ‹قرآن›: «سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى».

أَبُو مُنْذِرٍ: خوراز.

مُنْذَهِلٌ: قىيىن ئەھۋالدا قالغۇچى، ئىلاجسىز قالغۇچى، چارىسىز قالغۇچى.

مِنْزَاحٌ: يىراق سەپەرگە تولا چىقىدىغان ئادەم.

مِنَزٌّ: ھەرىكەتچان، بوشوك.

رَجُلٌ مِنَزٌّ: ھەرىكەتچان ئادەم.

مَنْزِلٌ ج مَنَازِلُ: مەنزىل، چۈشىدىغان يەر، ئۆي، خانە، قورۇ.

«أَنْزَلَهُ مَنْزِلًا حَسَنًا»: ئۇنى ياخشى ئۆيگە چۈشۈردى.

«مَنَازِلُ اللَّهْوِ وَاللَّعِبِ»: ئويۇنخانىلار.

«أَنْزِلُوا النَّاسَ مَنَازِلَهُمْ» ‹حديث›: «كىشىلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىڭلار».

«صَاحِبُ هَذَا الْمَنْزِلِ فُلَانٌ»: بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى پالانى.

«أَهْلُ هَذَا الْمَنْزِلِ أَجَانِبُ»: بۇ قورۇدىكىلەر چەت ئەللىكلەر.

«مَنَازِلُ الْقَمَرِ»: ئاينىڭ ئوربىتىلىرى.

مُنْزَلٌ: ۋەھيى قىلىنغان، نازىل قىلىنغان.

مَنْزِلَةٌ ج مَنَازِلُ: ئورۇن، مەرتىۋە، ئىلمىي ئورۇن، دەرىجە، ۋەزىپە.

«لَهُ مَنْزِلَةٌ عِنْدَ رَئِيسِهِ»: ئۇنىڭ باشلىقى ئالدىدا ئورنى بار.

«فُلَانٌ رَفِيعُ الْمَنْزِلَةِ فِي الْمُجْتَمَعِ»: پالانى جەمئىيەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە.

مُنْزَلَقٌ: تەكشى ئۆي، سىلىق جاي، غىلتاك يەر.

مَنْزِلِيٌّ: ئائىلىۋى، ئائىلىلىك.

«عَمَلٌ مَنْزِلِيٌّ»: ئۆي خىزمىتى، ئائىلە ئىشى.

«أَدَوَاتٌ مَنْزِلِيَّةٌ»: ئائىلە سايمانلىرى.

«دِرَاسَةٌ مَنْزِلِيَّةٌ»: خەت ئارقىلىق ئوقۇش.

مِنْسَأَةٌ: ھاسا.

﴿مَا دَلَّهُمْ عَلَى مَوْتِهِ إِلَّا دَابَّةُ الْأَرْضِ تَأْكُلُ مِنسَأَتَهُ﴾ ‹قرآن›: «سۇلەيماننىڭ ئۆلگەنلىكىدىن جىنلارنى پەقەت ئۇنىڭ ھاسىسىنى يېگەن قۇرتلار خەۋەر قىلدى».

مِنْسَجٌ ج مَنَاسِجُ: رەخت توقۇش ماشىنىسى.

مِنْسَجٌ آلِيٌّ: رەخت توقۇش ئىستانوكى.

مُنْسَجِمٌ: پىكىر ۋە يۆنىلىشتە بىرلىككە كەلگۈچى، ماس، راۋان، رەتلىك، تەكشى، مۇۋاپىق، ئۇيغۇن.

مِنْسَرٌ: قۇش تۇمشۇقى.

مُنْسَرِحٌ: ئەركىن، ھۆر، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان، بىر خىل، بىردەك، تەپتەكشى.

مُنْسَرِحُ الْقَامَةِ: قەددى-قامەتلىك.

مُنَسِّقٌ ج مُنَسِّقُونَ: تەرتىپكە سالغۇچى، تىزغۇچى، رەتلىگۈچى.

«عُيِّنَ مُنَسِّقًا لِلَّجْنَةِ الْمُعْجَمِ»: ئۇ لۇغەت تۈزۈش كومىتېتىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى قىلىپ بەلگىلەندى.

مِنْسَغٌ: شىمال شامىلى.

مِنْسَفٌ ج مَنَاسِفُ: غەلۋىر، ئۆتكەمە، ئەگلەك.

مِنْسَفَةٌ ج مَنَاسِفُ: غەلۋىر؛ بىنا ئۆرۈش ماشىنىسى.

مَنْسِكٌ / مَنْسَكٌ ج مَنَاسِكُ: شەرىئەت، قۇربانلىق قىلىدىغان جاي، زاھىتلىق يولى.

﴿لِكُلِّ أُمَّةٍ جَعَلْنَا مَنسَكاً هُمْ نَاسِكُوهُ﴾ ‹قرآن›: ھەر ئۈممەت ئۈچۈن بىر شەرىئەت بېكىتتۇق، ئۇلار شۇ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىدۇ.

مَنَاسِكُ الْحَجِّ: ھەج ئىبادەتلىرى، ھەج پائالىيەتلىرى.

﴿فَإِذَا قَضَيْتُم مَّنَاسِكَكُمْ فَاذْكُرُواْ اللّهَ﴾ ‹قرآن›: سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار.

مُنْسَكِبٌ: تۆكۈلگەن، قويۇلغان، سىپىلگەن.

مُنْسَلِخٌ: تېرە تاشلىغان، قاسراق تاشلىغان، تۈك تاشلىغان.

مَنْسِمٌ: تۆگە تاپىنى.

مَنْسُوبٌ: مەنسۇپ، مۇناسىۋەتلىك؛ سىلىشتۇرما.

مَنْسُوجٌ ج مَنْسُوجَاتٌ: توقۇلما، رەخت، گەزلىمە.

«مَنْسُوجَاتٌ قُطْنِيَّةٌ»: پاختا توقۇلمىلار.

«مَنْسُوجَاتٌ مُسْتَوْرَدَةٌ»: ئىمپورت قىلىنغان رەختلەر.

هَذَا الْمَصْنَعُ يُنْتِجُ الْمَنْسُوجَاتِ الْقُطْنِيَّةَ بِمَقَادِيرَ هَائِلَةٍ: بۇ زاۋۇت پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى زور تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقارماقتا.

مَنْسُوخٌ: بىكار قىلىنغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۆچۈرۈلگەن، تەقلىد قىلىپ ياسالغان، مەنسۇخ قىلىنغان.

مِنْشَارٌ ج مَنَاشِيرُ: ھەرە.

«مِنْشَارٌ مَعَادِنٌ»:تۆمۈر كېسىدىغان ھەرە.

«مِنْشَارٌ يَدَوِيٌّ»: قول ھەرىسى.

«مِنْشَارٌ كَهْرَبَائِيٌّ»: توك ھەرىسى.

مَنْشَأٌ: تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي، تېگى-تەكتى، سەۋەب؛ مەنبە، ئەسلى، يىلتىزى، كېلىپ چىقىشى.

«مَنْشَؤُهُ مَدِينَةُ الْجَزَائِرِ»: ئۇ ئالجىر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن.

مَا مَنْشَأُ هَذَا الْإِضْطِرَابِ: بۇ قالايمىقانچىلىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

مُنْشِئٌ: ئاساس سالغۇچى، قۇرغۇچى، تەسىس قىلغۇچى، ئۇلنى تىكلىگۈچى، ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى، تۈزگۈچى؛ مۇھەررىر؛ يازغۇچى، ئاپتور.

مُنْشَأَةٌ ج مُنْشَآتٌ: ئىدارە، ئورگان، كارخانا، شىركەت، مۇئەسسەسە، ئاپپارات، قۇرۇلما.

مُنْشِدٌ ج مُنْشِدُونَ: ناخشىچى، قوشاقچى، غەزەلخان، دېكلاماتسىيە قىلغۇچى.

مَنْشَرٌ ج مَنَاشِرُ: كىيىم يايىدىغان يەر.

«نَشَرَ الثَّوْبَ فِي الْمَنْشَرِ»: كىيىمنى كىيىم يايىدىغان يەرگە يايدى.

مَنْشَرَةٌ ج مَنْشَرَاتٌ وَمَنَاشِرُ: شالچىلىق زاۋۇتى.

مُنْشَرِحٌ: خۇشال، شاد.

أَقْبَلْتُ عَلَى مَدْرَسَتِي وَأَنَا مُنْشَرِحُ الصَّدْرِ: مەن مەكتەپكە خۇشال-خۇرام ھالدا ماڭدىم.

مِنَشَّةٌ ج مِنَشَّاتٌ: چىۋىن قورۇيدىغان پالاق.

مُنَشَّرٌ م مُنَشَّرَةٌ: يېيىلغان، تارقىتىلغان، نەشر قىلىنغان.

«ثِيَابٌ مُنَشَّرَةٌ»: يېيىلغان كىيىملەر.

«كُتُبٌ مُنَشَّرَةٌ»: نەشر قىلىنغان كىتابلار.

مُنَشِّطٌ: روھلاندۇرغۇچى، تېتىكلەندۈرگۈچى.

«دَوَاءٌ مُنَشِّطٌ»: روھلاندۇرۇش دورىسى.

مُنَشًّى: پاتلانغان، كراخماللانغان.

مُنَشِّي: پاتلىغۇچى، كراخماللىغۇچى.

مَنْشَطٌ: پائالىيەت مەيدانى.

مِنْشَعٌ . مِنْشَعَةٌ ج مَنَاشِعُ: ناسۇال قۇتىسى.

مُنْشَعِبٌ: تارماق، شۆبە.

مِنْشَغٌ وَمِنْشَغَةٌ ج مَنَاشِغُ: ناسۇال قۇتىسى.

مِنْشَفَةٌ ج مَنَاشِفُ: لۆڭگە.

مَنْشُودٌ: تەلەپ قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان.

«هَدَفٌ مَنْشُودٌ»: كۆزلەنگەن نىشان.

«غَايَةٌ مَنْشُودَةٌ»: ئىزدەلگەن غايە.

مَنْشُورٌ ج مَنْشُورَاتٌ وَمَنَاشِيرُ: ئۇقتۇرۇش، تەشۋىق ۋەرەقىسى.

«مَنْشُورٌ مِنْ وَزَارَةِ التَّرْبِيَّةِ وَالتَّعْلِيمِ»: مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇقتۇرۇشى.

مِنْصَالٌ ج مَنَاصِيلُ: ھاۋانچا تېشى.

مَنْصِبٌ ج مَنَاصِبُ: مەرتىۋە، مەنسەپ، ۋەزىپە، خىزمەت ئورنى، ئەمەل، ئەسلى، تېگى.

لَهُ مَنْصِبٌ: ئۇ مەرتىۋىلىك ئادەم.

إِسْتَقَالَ مِنْ مَنْصِبِهِ: ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى.

مَنْصِبُ صِدْقٍ: ماھىيىتى ياخشى.

«مَنْصِبُ الْقَضَاءِ»: قازىلىق (سوتچىلىق) مەنسىپى.

«هُوَ مِنْ أَرْبَابِ الْمَنَاصِبِ»: ئۇ ئەمەلدارلاردىن.

مِنْصَبٌ ج مَنَاصِبُ: تۆمۈر ئوچاق.

مُنْصَرَفٌ: ئىشىك ئالدى، يول، چارە، ئامال، ئېكسپورت، باشلىنىش نۇقتىسى، چىقىش جايى.

لَيْسَ لَنَا عَنْهُ مُنْصَرَفٌ: بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدۇق، بۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز.

مُنْصَرِمٌ: ئۆتكەن، ئۆتكەنكى.

الْعَامُ الْمُنْصَرِمُ: ئۆتكەن يىل.

حَبْلٌ مُنْصَرِمٌ: ئۈزۈلگەن ئارغامچا.

زَارَنَا فِي الشَّهْرِ الْمُنْصَرِمِ: ئۆتكەن ئايدا بىزنى يوقلىدى.

مَوَدَّةٌ مُنْصَرِمَةٌ: ئۈزۈلگەن دوستلۇق.

مِنَصَّةٌ ج مَنَاصٌّ وَمَنَصَّاتٌ: مۇنبەر، سەھنە.

مِنَصَّةُ الْقَضَاءِ: سوت مۇنبىرى.

مِنَصَّةُ الْخُطْبَةِ: خۇتبە مۇنبىرى.

مِنَصَّةُ الدَّرْسِ: دەرس مۇنبىرى.

وُضِعَ فُلَانٌ عَلَى الْمِنَصَّةِ: پالانى مەيدانغا تارتىپ چىقىرىلدى، رەسۋا بولدى.

سَعَى وَوَصَلَ إِلَى مِنَصَّةِ الْحُكْمِ: ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى.

مُنْصِفٌ: تەڭ بۆلگۈچى، تەكشى بۆلگۈچى.

رَجُلٌ مُنَصِّفٌ: سەللىلىك ئادەم.

مُنْصِفٌ: ئادىل، ھەققانىي، خالىس، ئىنساپلىق.

مُنْصُلٌ ج مَنَاصِلُ: قىلىچ.

مَنْصُوبٌ: تىكلەنگەن، ئۆرە.

«خَيْمَةٌ مَنْصُوبَةٌ»: تىكلەنگەن چېدىر.

مَنْصُورٌ ج مَنْصُورُونَ م مَنْصُورَةٌ: زەپەر قۇچقۇچى؛ غەلىبە قىلغۇچى، يەڭگۈچى.

﴿فَلَا يُسْرِفْ فِي الْقَتْلِ إِنَّهُ كَانَ مَنْصُوراً﴾ «قرآن»: «ئۇ كىشى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن. (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر)».

مَنْصُوصٌ: بەلگىلەنگەن.

مِنْضَاجٌ ج مَنَاضِيجُ: زىق.

مِنْضَحَةٌ ج مَنَاضِحُ: سۇ سېپىدىغان سايمان، سۇ سەپكۈچ.

مِنْضَخَةٌ ج مَنَاضِخُ: سۇ چاچقۇچ، سۇ پۈركىگۈچ.

مِنْضَدَةٌ ج مَنَاضِدُ: ئۈستەل، شىرە، كىچىك ئۈستەل، كىچىك شىرە.

مِنْضَدَةُ كُتُبٍ: كىتاب تەكچىسى.

سَيَكُوْنُ الْعِشَاءُ جَاهِزاً بَعْدَ قَلِيلٍ فَلْنَرْفَعْ هَذِهِ الْأَشْيَاءَ مِنَ الْمِنْضَدَةِ: بىرئازدىن كېيىن كەچلىك تاماق تەييار بولىدۇ، ئۈستەلدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتەيلى.

مُنَضِّدٌ ج مُنَضِّدُوْنَ: نابورچىك، مەتبە ھەرپلىرىنى تىزغۇچى.

مُنْطَادٌ مَنَاطِيدُ وَمَطَاوِدُ: ھاۋا كېمىسى، دىرىژابىل، ئېگىز.

مِنْطَبٌ وَمِنْطَبَةٌ ج مَنَاطِبُ: سۈزگۈچ.

مَنْطَبَةٌ ج مَنَاطِبُ: مەتۇ، گالۋاك، ئەخمەق.

مُنْطَرِحٌ: تاشلىۋېتىلگەن.

مَنْطِقٌ: سۆزلىمەك؛ گەپ-سۆز، تىل، لوگىكا.

«مَنْطِقُهُ حَسَنٌ»: ئۇنىڭ گېپى چىرايلىق.

﴿عُلِّمْنَا مَنطِقَ الطَّيْرِ﴾ «قرآن»: «بىزگە قۇشلارنىڭ تىلى تەلىم بېرىلدى».

مِنْطَقٌ. مِنْطَقَةٌ ج مَنَاطِقُ: كەمەر.

مِنْطَقَةٌ / مَنْطِقَةٌ ج مَنَاطِقُ: رايون، جاي، يەر.

«مِنطَقَةُ الْبَحْرِ الْمُتَوَسِّطِ»: ئوتتۇرا دېڭىز رايونى.

«الْمِنْطَقَةُ الْأِسْتِوَائِيَّةُ»: ئېكۋاتور رايونى.

«الْمِنْطَقَةُ الْقُطْبِيَّةُ»: قۇتۇپ رايونى.

«مِنْطَقَةٌ مُحْتَلَّةٌ»: ئىشغال قىلىنغان رايون.

«مِنْطَقَةُ النِّفْطِ»: نېفىت رايونى، نېفىتلىك.

«مِنْطَقَةُ الْحُدُودِ»: چېگرا رايونى.

«مِنْطَقَةٌ حَرْبِيَّةٌ»: ئۇرۇش رايونى.

«مِنْطَقَةُ التِّجَارَةِ الْحُرَّةِ»: ئەركىن سودا رايونى.

«مِنْطَقَةُ نُفُوذٍ»: تەسىر دائىرىسى.

«مِنْطَقَةٌ مُحَرَّمَةٌ»: چەكلەنگەن رايون.

مِنْطَقَةٌ مَمْنُوعَةٌ: قوغدىنىش رايونى، چەكلەنگەن رايون.

مِنْطَقَةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: ھەربىي رايون.

مِنْطَقَةٌ إِنْتِدَابِيَّةٌ: ۋاكالىتەن باشقۇرۇلىدىغان رايون.

مِنْطَقَةُ النَّجَاةِ: (سۇدىن) قۇتۇلدۇرۇش بالونى.

الْمِنْطَقَةُ الْحَارَّةُ الْإِسْتِوَائِيَّةُ: ئىسسىق بەلۋاغ، تروپىك بەلۋاغ.

مِنْطَقِيٌّ: بەلۋاغسىمان، رايون خاراكتېرلىك.

مَنْطِقِيٌّ: لوگىكىلىق، لوگىك، لوگىكا.

مَنْطِقِيَّةٌ: ئەقىلگە مۇۋاپىق.

مَنْطُوقٌ: ئىبارە، جۈملە، سۆز-ئىبارە.

مِنْظَارٌ ج مَنَاظِيرُ: ئەينەك، مىكروسكوپ، تېلېسكوپ.

«مِنْظَارٌ فَلَكِيٌّ»: ئاسترونومىيە تېلېسكوپى.

مَنْظَرٌ ج مَنَاظِرُ: كۆرۈنۈش، كۆزىتىش ئورنى.

«مَنْظَرٌ عَامٌّ لِلْمَدِينَةِ»: شەھەرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.

«مَنَاظِرُ طَبِيعِيَّةٌ»: تەبىئىي كۆرۈنۈشلەر.

بَعْدَ أَنْ شَاهَدْتُ هَذَا الْمَنْظَرَ الْمُؤَثِّرَ لَمْ أَسْتَطِعْ أَنْ أَحْبِسَ دُمُوعِي: بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشنى كۆرگەندىن كېيىن كۆز يېشىمنى توختىتالماي قالدىم.

مَنَاظِرُ خَارِجِيَّةٌ: تاشقى كۆرۈنۈشلەر.

«صَعِدَ الْجُنْدِيُّ إِلَى الْمَنْظَرِ لِيَرْصُدَ حَرَكَاتِ الْعَدُوِّ»: ئەسكەر دۈشمەن ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىش ئۈچۈن كۆزىتىش ئورنىغا چىقتى.

مَنْظَرَةٌ ج مَنَاظِرُ: كۆرۈنۈش، مەنزىرە، راۋاق، مېھمانخانا.

«مَنْظَرَةٌ جَمِيلَةٌ تَرْتَاحُ فِيهَا النَّفْسُ»: كىشى راھەتلىنىدىغان گۈزەل مەنزىرە.

«فِي الْحَدِيقَةِ الْعُمُومِيَّةِ مَنْظَرَةٌ»: ئاممىۋى باغچىدا راۋاق بار.

مُنَظِّفٌ ج مُنَظِّفَاتٌ: سوپۇن قاتارلىق تازىلاش بۇيۇملىرى.

مُنَظِّمٌ ج مُنَظِّمُونَ: تىزغۇچى، رەتلىگۈچى، تەشكىللىگۈچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى، تۈزگۈچى، تەرتىپكە سالغۇچى.

«مُنَظِّمُ حَفَلَاتٍ»: يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرغۇچى.

مُنَظَّمٌ: رەتلىك، تەرتىپلىك.

«إِجْتِمَاعٌ مُنَظَّمٌ»: تەرتىپلىك يىغىن.

«غُرْفَةٌ مُنَظَّمَةٌ»: رەتلىك ھۇجرا.

«جَيْشٌ مُنَظَّمٌ»: مۇنتىزىم ئارمىيە.

«شَبَابٌ غَيْرُ مُنَظَّمٍ»: تەشكىلسىز ياشلار.

مُنَظَّمَةٌ ج مُنَظَّمَاتٌ: تەشكىلات.

«مُنَظَّمَةُ الشَّبَابِ»: ياشلار تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ»: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ الْوَحْدَةِ الْإِفْرِيقِيَّةِ»: ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ التَّحْرِيرِ الْفَلَسْطِينِيَّةِ»: پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ الْعَرَبِيَّةِ لِلتَّرْبِيَّةِ وَالثَّقَافَةِ وَالْعُلُومِ»: ئەرەب مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ الْعَمَلِ الدَّوْلِيَّةِ»: خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ الصِّحَّةِ الْعَالَمِيَّةِ»: دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى.

«مُنَظَّمَةُ الأَقْطَارِ الْمُصَدِّرَةِ لِلنِّفْطِ»: نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر.

«مُنَظَّمَةُ الأَقْطَارِ الْعَرَبِيَّةِ الْمُصَدِّرَةِ لِلنِّفْطِ»: نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان ئەرەب دۆلەتلىرى بىرلەشمىسى.

مُنَظَّمَةٌ دُوَلِيَّةٌ: خەلقئارا تەشكىلات.

مِنْطَقَةٌ ج مَنَاطِقُ: تازىلىغۇچ، كىرئالغۇ.

مَنْظُورٌ: قارالغان، كۆرۈلگەن، قاراشقا بولىدىغان، كۆرگىلى بولىدىغان؛ ئۈمىدلىك، ئارزۇلۇق، ئۈمىد بىلەن قارىلىدىغان.

«سَيِّدٌ مَنْظُورٌ»: ئۈمىدلىك خوجايىن.

طِفْلٌ مَنْظُورٌ: كۆز تەگكەن بوۋاق.

«سَيَّارَةٌ مَنْظُورَةٌ»: كۆركەم ماشىنا.

مَنْظُومٌ: تىزىلغان، تىزىق، رەتلىك، شېئىر.

«عِقْدٌ مَنْظُومٌ»: تىزىق مارجان.

«أَجَادَ الْمَنْظُومَ وَالْمَنْثُورَ»: شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

مَنْظُومَةٌ ج مَنْظُومَاتٌ: قەسىدە (شېئىر).

«مَنْظُومَةُ اِبْنِ مَالِكٍ فِي النَّحْوِ»: ئىبنى مالىكنىڭ نەھۋى (سىنتاكسىس)دىكى مەنزۇمەسى.

مَنَعَ يَمْنَعُ مَنْعًا: توستى، چەكلىدى، مەنئى قىلدى.

مَنَعَ اللهُ الْخَمْرَ: ئاللاھ هاراقنى چەكلىدى.

مَنَعَهُ مِنْ حَقِّهِ: ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىدى.

مَنُعَ يَمْنُعُ مَنَاعَةً وَمَنَاعًا الشَّخْصُ: ساغلام بولدى، قاۋۇل بولدى، كۈچلۈك بولدى.

مَنُعَ الشَّيْءُ: ئېرىشىش قىيىن بولدى.

مَنْعٌ: مەنئى قىلماق، توسۇماق، چەكلىمەك، ئالدىنى ئالماق.

مَنْعُ الإِنْتِشَارِ النَّوَوِيِّ: يادرو كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

مَنْعَاةٌ ج مَنَاعٍ: ئۆلۈم خەۋىرى.

مِنْعَامٌ: كۆپ سەدىقە قىلغۇچى، ساخاۋەتچى.

مِنْعَبٌ. مِنْعِبٌ: ۋارقىراپ-جارقىرايدىغان ئەخمەق، تېز ماڭىدىغان تۆگە، يورغا ئات.

مَنَعَةٌ. مِنْعَةٌ: كۈچ- قۇۋۋەت، نوپۇز.

هُوَ فِي مَنَعَةٍ: ئۇ نوپۇزلۇق، ئۇ كۈچلۈك.

مُنْعَرَجٌ ج مُنْعَرَجَاتٌ: ئەگرى-بۈگرى، ئەگرى - توقاي (يول قاتارلىقلارنىڭ).

مُنْعَرَجُ الطَّرِيقِ: يولنىڭ بۇرۇلۇش جايى.

مُنْعَرَجُ الْوَادِي: ئويمانلىقنىڭ ئەگرى-توقاي جايلىرى، ئېگىز-پەس جايلىرى.

مُنْعِشٌ: ئېتىكلەشتۈرىدىغان، روھلاندۇرىدىغان، جانلاندۇرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان، كىشىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان.

«دَوَاءٌ مُنْعِشٌ»: ئېتىكلەشتۈرىدىغان دورا، روھلاندۇرۇش دورىسى.

كَلاَمٌ مُنْعِشٌ: ئىلھامبەخش گەپ-سۆزلەر.

طَقْسٌ مُنْعِشٌ: ئوچۇق هاۋا.

مُنْعِشَاتٌ: چاي ۋە ناشتىلىق.

مُنْعَطَفٌ ج مُنْعَطَفَاتٌ: ئېگىلگەن، قىڭغايغان، ئەگرى، قىڭغىر، كوچا، تار كوچا، بۇرۇلۇش نۇقتىسى.

اِخْتَفَى عِنْدَ مُنْعَطَفِ الطَّرِيقِ: يولنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا غايىب بولدى.

تَجْتَازُ الأُمَّةُ الْعَرَبِيَّةُ مُنْعَطَفًا خَطَرًا: ئەرەب مىللىتى جىددىي بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

مُنَعَّمٌ ج مُنَعَّمُونَ: سىلىق، باياشات.

فَلاَّحٌ مُنَعَّمٌ: باياشات دېھقان.

كَلاَمٌ مُنَعَّمٌ: سىلىق گەپ.

مُنْعَكِسٌ: ئاغدۇرۇلغان، تەتۈر ئۆرۈلگەن، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

الْفِعْلُ الْمُنْعَكِسُ: ئەكس تەسىر.

الْأَفْعَالُ الْمُنْعَكِسَةُ الشَّرْطِيَّةُ: شەرتلىك رېفلېكس.

مُنْعِمٌ: شاپائەتچى، خەير - ئېھسان قىلغۇچى، ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى.

الْمُنْعِمُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، نېمەت بەرگۈچى، باياشات قىلغۇچى دېمەكتۇر.

مِنْعَمٌ ج مَنَاعِمُ: سۆيۈرگە.

مَنْعَمٌ. مَنْعَمَةٌ ج مَنَاعِمُ: قاقاس يەر.

مَنْعُوتٌ: سۈپەتلەنگەن، تەسۋىرلەنگەن.

مَنْعُوتٌ بِالْكَرَمِ وَالسَّخَاءِ: مەردلىك بىلەن سۈپەتلەنگەن.

مَنْعًى ج مَنَاعٍ (الْمَنَاعِي): ئۆلۈم خەۋىرى.

«أَتَانَا مَنْعَاهُ صَبِيحَةَ هَذَا الْيَوْمِ»: ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بىزگە بۈگۈن ئەتىگەن يېتىپ كەلدى.

مُنَغِّصَاتٌ: كۆڭۈلسىزلىكلەر.

«لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ عَلَى مُوَاجَهَةِ مُنَغِّصَاتِ الْحَيَاةِ»: دۇچ كەلگەن ھاياتنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە ئۇنىڭ ھېچ ئامالى يوق.

مِنْفَاخٌ ج مَنَافِيخُ: ناسوس.

«الْمِنْفَاخُ الْكَهْرَبَائِيّ لِعَجَلَاتِ السَّيَّارَاتِ»: ئېلېكترونلۇق ناسوس.

مِنْفَاصٌ: كۈلگۈنچەك؛ سىيگەك.

مُنْفَجِرَاتٌ: پارتلاتقۇچ ماددىلار.

مَنْفَذٌ ج مَنَافِذُ: ئۆتىدىغان يەر، چىقىش يولى، تۆشۈك، سۈزگۈچ، ئۆتكۈر.

«مَنْفَذٌ هَوَائِيٌّ»: ھاۋا ئۆتۈشىدىغان يەر.

«مَنْفَذٌ بَحْرِيٌّ»: دېڭىزنىڭ ئۆتىدىغان يېرى.

«مَنَافِذُ الْمِيَاهِ»: سۇ ئۆتىدىغان يەرلەر.

لَا مَنْفَذَ لَهُ مِنْ هَذِهِ الْأَزْمَةِ: ئۇنىڭ بۇ كرىزىستىن چىقىش يولى يوق.

مُنْفَرِجٌ: كەڭ، كەڭ - كۇشادە.

مُنْفَرِدٌ: ئايرىم، يالغۇز، يەككە، ئايرىلىپ كەتكۈچى.

مُنْفَرِدًا: ئۆز ئالدىغا، تەنھا.

مُحَادَثَةٌ مُنْفَرِدَةٌ: ئايرىم سۆزلىشىش.

مُنْفَصِلٌ: ئايرىلغان، بۆلۈنگەن، ئاجرالغان.

مِنْفَضٌ: ئەلگەك، غەلۋىر، ئۆتكەمە.

مَنْفَضَةٌ ج مَنَافِضُ: كۈلدان.

مِنْفَضَةٌ ج مَنَافِضُ: بىساتلارنى قاقىدىغان سايمان، چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ.

مِنْفَضَةُ رِيشٍ: پەي قاققۇچ.

مُنْفَطِرٌ: يېرىلغان، يېرىق، چاك.

﴿السَّمَاءُ مُنْفَطِرٌ بِهِ﴾ «قۇرئان»: ئۇ كۈننىڭ دەھشىتىدىن ئاسمان يېرىلىدۇ.

مَنْفَعَةٌ ج مَنَافِعُ: پايدا، مەنپەئەت.

«مَنَافِعُ عَامَّةٌ أَوْ عُمُومِيَّةٌ»: جامائەت پاراۋانلىقى، كوللېكتىپ پاراۋانلىق.

مَنَافِعُ الْغُرْفَةِ: ئۆي جاھازلىرى..

الْمَنْفَعَةُ الْإِقْتِصَادِيَّةُ: ئىقتىسادىي پاراۋانلىق.

﴿وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر.

مَنْفَعِيٌّ ج مَنْفَعِيُّونَ: مەنپەئەتپەرەس.

مُنَفَّهٌ: چارچىغان، چارچاپ كەتكەن.

جَمَلٌ مُنَفَّهٌ: ھالسىرىغان تۆگە.

مُنْفَكٌّ: ئايرىلغۇچى، يېشىلگۈچى.

﴿مُنْفَكِّينَ حَتَّى تَأْتِيَهُمُ الْبَيِّنَةُ﴾ «قۇرئان»: ئۇلارغا روشەن دەلىل كەلگەنگە قەدەر كۇفرىدىن ئايرىلغۇچى بولمىدى.

مُنْفَنَفٌ: ئازراق ئىشىشغان ئىششىق.

مَنْفُوخٌ ج مَنْفُوخُونَ: سېمىز.

رَجُلٌ مَنْفُوخٌ: سېمىز ئادەم.

مَنْفُوخٌ: يەل توشتۇرۇلغان، پۈۋلەنگەن.

«كُرَةٌ مَنْفُوخَةٌ»: يەل توشتۇرۇلغان توپ، يەلى بار توپ.

«رِئَةٌ مَنْفُوخَةٌ»: پۈۋلەنگەن ئۆپكە.

مَنْفُوسٌ ج مَنْفُوسُونَ: تۇغۇلغان؛ كۆز تەگكەن.

شَيْءٌ مَنْفُوسٌ: نەپىس نەرسە.

مَنْفُوطٌ: قولى قاپىرىپ قالغان ئادەم.

مَنْفُوَّةٌ: قورقۇنچاق، تورخۇ يۈرەك.

مَنْفًى ج مَنَافٍ (الْمَنَافِي): سۈرگۈن.

«قَضَى مُدَّةً فِي الْمَنْفَى»: بىر مۇددەتنى سۈرگۈندە ئۆتكۈزدى.

مَنْفِيٌّ: تاشلىۋېتىلگەن، چۆرۈۋېتىلگەن؛ قوغلانغان، ھەيدىۋېتىلگەن، پاناھلانغان؛ سەلبىي.

مُنْقَادٌ: باش ئەگكۈچى، بويسۇنغۇچى.

مِنْقَارٌ ج مَنَاقِيرُ: قۇش تۇمشۇقى، ئويمىچىلىق پىچقى.

مِنْقَاشٌ: ئىسكىنە، ئويۇش پىچقى، كەسكۈچ، قەلەم، ئويمىكارلىق تىغى.

مِنْقَاشٌ ج مَنَاقِيشُ: موچىن.

مِنْقَافٌ ج مَنَاقِفُ: قۇشنىڭ تۇمشۇقى.

مَنْقَبَةٌ ج مَنَاقِبُ: تاغ يولى؛ تام؛ ياخشى ئىش، ياخشىلىق، خىسلەت.

«مَنَاقِبُ الْأَوْلِيَاءِ»: ئەۋلىيالارنىڭ خىسلەتلىرى.

مِنْقَبَةٌ: ئۆشكە، بۇرغا.

مُنْقَبِضٌ ج مُنْقَبِضُونَ: تارايغان، قورۇلغان، يىغىلىپ قالغان، پۈرلىشىپ قالغان..

مُنْقَبِضُ الصَّدْرِ: دەرد-ئەلەملىك، روھى چۈشكۈن، يۈرىكى سىقىلغان.

مُنْقِذٌ ج مُنْقِذُونَ: قۇتقۇزغۇچى.

«زَعِيمٌ مُنْقِذٌ لِلْبِلَادِ»: ۋەتەننى قۇتقۇزغۇچى داھىي.

مُنْقَرِضٌ: مۇنقەرز بولغۇچى، ھالاك بولغۇچى، يوقالغۇچى، ۋەيران بولغۇچى.

مَنْقَصَةٌ ج مَنَاقِصُ: يېتەرسىزلىك، قۇسۇر، ئەيىب، نۇقسان، ئىللەت.

مُنْقَطِعٌ: ئۈزۈلۈپ قالغان، توختاپ قالغان.

غَيْرُ مُنْقَطِعٍ: ئۈزۈلۈكسىز، توختىماي، داۋاملىق.

«مُنْقَطِعُ النَّظِيرِ»: مىسلىسىز، تەڭدىشى يوق.

مُنْقَطِعُ النَّظِيرِ فِي التَّارِيخِ: تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان.

«مُنْقَطِعٌ عَنِ الْعَالَمِ»: جاھاندىن بىخەۋەر.

«حَبْلٌ مُنْقَطِعٌ»: چۈۋۈلۈپ كەتكەن ئارغامچا.

مُنْقَعِرٌ: قومۇرۇپ تاشلىۋېتىلگەن.

﴿كَأَنَّهُمْ أَعْجَازُ نَخْلٍ مُنْقَعِرٍ﴾ «قرآن»: گويا ئۇلار قومۇرۇۋېتىلگەن خورما كۆتەكلىرىدەك ياتاتتى.

مُنَقِّبٌ: چارلىغۇچى، تەكشۈرگۈچى، ئارخېئولوگ.

مُنَقَّحٌ: تەھرىرلەنگەن، تۈزىتىلگەن.

«دَسْتُورٌ مُنَقَّحٌ»: تۈزىتىلگەن ئاساسىي قانۇن.

«طَبْعَةٌ مُنَقَّحَةٌ لِكِتَابٍ»: كىتابنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى.

«مَقَالَةٌ مُنَقَّحَةٌ»: تەھرىرلەنگەن ماقالە.

مُنَقَّطٌ: داغ، ئىز، ئالچىپار، چېكىت قويۇلغان.

مُنْقَلَبٌ: ئۆزگەرتىلگەن يەر، تار بۇلۇڭ سىزىقى، ئۆزگىچە، تروپىك بەلۋاغ.

مُنْقَلَبٌ شَتَوِيٌّ: جەنۇبىي تروپىك سىزىقى.

مُنْقَلِبٌ صَيْفِيٌّ: شىمالىي تروپىك سىزىقى.

جَوٌّ مُنْقَلِبٌ: ئۆزگىرىشچان ھاۋا.

مِنْقَلَةٌ ج مَنَاقِلُ: توشۇش، قاتناش قورالى، (گېئومېترىيىدە) بۇلۇڭلارنى ئۆلچەش قورالى.

مَنْقُوطٌ: داغ، ئىز، ئالا بالداق، ئالچىپار، چېكىت قويۇلغان.

كِتَابٌ مَنْقُوطٌ: ھەرىكە قويۇلغان خەت.

الفَصْلَةُ الْمَنْقُوطَةُ: چېكىتلىك پەش (؛).

مَنْقُولٌ: يۆتكەلگەن، توشۇلغان، تەرجىمە قىلىنغان، كۆچۈرۈلگەن.

«نَصٌّ مَنْقُولٌ عَنِ الْفَارِسِيَّةِ»: پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان تېكىست.

الْمَنْقُولُ: ھەدىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت ياكى ئاڭلاش يولى بىلەن كەلگەن ئەسەر.

مَنْقُولٌ ج مَنْقُولَاتٌ: توشۇشقا بولىدىغان مال ـ مۈلۈكلەر.

مَنْقُولَاتِ الْمَنْزِلِ: ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە سايمانلىرى.

مَنْكِبٌ ج مَنَاكِبُ: مۈرە، دولا، يان تەرەپ، گىرۋەك، ئېگىز يەر، تۆپىلىك.

هَزَّ مَنْكِبَهُ لِكَذَا: شۇنىڭغا خۇش بولدى.

«هُوَ مَنْكِبُ قَبِيلَتِهِ»: ئۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى، قوۋمىنىڭ ئاقساقلى.

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولاً فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا﴾ «قرآن»: ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار.

مُنْكَبٌّ ج مُنْكَبُّونَ: ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگۈچى.

مُنْكَبٌّ عَلَى دِرَاسَتِهِ رَغْمَ الصُّعُوبَاتِ: قىيىنچىلىققا قارىماي ئۆگىنىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگۈچى.

مُنْكَرٌ وَنَكِيرٌ: ئۆلگەن كىشىدىن قەبرىدە سوئال ـ سوراق قىلىدىغان ئىككى پەرىشتە.

مُنْكَرٌ ج مُنْكَرَاتٌ: يامانلىق، يامان سۆز ـ ھەرىكەت.

﴿وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ﴾ «قرآن»: ئاللاھ قەبىھ سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ.

«النَّمِيمَةُ مِنَ الْمُنْكَرَاتِ»: سۇخەنچىلىك، يامان ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ.

مُنْكَسِرٌ: بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان، سۇنغان، بۇزغۇچى، سۇندۇرغۇچى، يىرتقۇچى، چاك، يىرتىق، سۇنۇق، بۇزۇق.

خَطٌّ مُنْكَسِرٌ: سۇنۇق سىزىق، بۇزۇلغان يول.

مُنْكَسِرُ الْبَالِ: كۆڭلى سۇنۇق، قايغۇلۇق، روھسىز، ئەلەملىك.

مُنْكَسِفٌ: تۇتۇلغان (ئاي، كۈن).

مُنْكِسٌ: تۆۋەن سېلىنغان.

خَرَجَ مِنْ عِنْدِهِ مُنَكِّسَ الرَّأْسِ: ئۇنىڭ يېنىدىن بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا چىقتى.

مُنَكَّلٌ: نېكىللانغان، نېكىل ياللىتىلغان.

مَنْكُوبٌ ج مَنْكُوبُونَ: ئاپەتكە ئۇچرىغان، بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن.

«هُوَ مَنْكُوبٌ بِوَفَاةِ صَدِيقِهِ»: ئۇ دوستىنىڭ ۋاپاتى بىلەن مۇسىبەتكە ئۇچرىغۇچىدۇر.

«أَعَانَ الصَّلِيبُ الْأَحْمَرُ مَنْكُوبِي الزِّلْزَالِ»: قىزىل كرېست جەمئىيىتى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بەردى.

مَنْكُودٌ ج مَنَاكِيدُ: بەختسىز.

«مَنَاكِيدُ الْحَظِّ»: بەختسىزلەر.

مَنْكُوسٌ: تەتۈر ئايلانغان، ئاغدۇرۇلغان، ئۈستى ـ تەتۈر قىلىنغان.

الْمَنْكُوسُ مِنَ الْأَوْلَادِ: تەتۈر تۇغۇلغان بالا.

مَنْكُوفٌ ج مَنْكُوفُونَ: كالا چېچىكىگە گىرىپتار بولغان.

مِنْمَاصٌ ج مَنَامِيصُ: قىسقۇچ، موچىن.

مُنَمَّرٌ م مُنَمَّرَةٌ: ئالىچىپار.

«بُرْدَةٌ مُنَمَّرَةٌ»: ئالىچىپار تون.

مُنَمَّشٌ: سەپكۈنلۈك، سەپكۈنى بار.

«جِلْدٌ مُنَمَّشٌ»: ئالىچىپار تېرە.

«لِبَاسٌ مُنَمَّشٌ»: بېزەلگەن كىيىم.

مُنَمَّقٌ م مُنَمَّقَةٌ: بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن،

ياسالغان.

ثَوْبٌ مُنَمَّقٌ: گۈللۈك رەخت.

مَكَانٌ مُنَمَّقٌ: زىننەتلەنگەن جاي.

مُنَمْنَمٌ: بېزەلگەن، كەشتىلەنگەن.

«مُصْحَفٌ مُنَمْنَمٌ»: بېزەلگەن كىتاب.

«ثَوْبٌ مُنَمْنَمٌ»: كەشتىلەنگەن كىيىم.

مُنَمْنَمَةٌ ج مُنَمْنَمَاتٌ: قىستۇرما رەسىم، قىستۇرما خەرىتە.

«الْمُنَمْنَمَاتُ الْفَارِسِيَّةُ»: پارسچە كىچىك سۈرەتلەر.

مَنَّ يَمُنُّ مَنًّا الرَّجُلَ: ئاجىزلاشتۇردى، زەئىپلەشتۈردى، چارچىتىۋەتتى.

مَنَّ الْحَبْلَ: ئارغامچىنى ئۈزدى، ئۈزۈۋەتتى، كەستى.

مَنَّ يَمُنُّ مَنًّا وَمِنَّةً عَلَيْهِ: مىننەت قىلدى.

مَنَّ يَمُنُّ مَنًّا وَمِنِّيْنَى عَلَيْهِ بِكَذَا: ئىنئام قىلدى، ئېھسان قىلدى، ئېتىبار قىلدى.

مَنَّ اللهُ عَلَى عِبَادِهِ: ئاللاھ بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلدى.

مَنٌّ: مىننەت قىلماق، پەش قىلماق.

﴿لاَ تُبْطِلُوا صَدَقَاتِكُم بِالْمَنِّ وَالأذَى﴾ «قۇرئان»: بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار.

مَنَّانٌ: مىننەت قىلغۇچى، كۆپ مەرھەمەت قىلغۇچى.

الْمَنَّانُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، كۆپ ئىنئام قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.

مِنَّةٌ ج مِنَنٌ: ئېھسان، ئىنئام، مەرھەمەت، پەزلىكەرەم.

الْمِنَّةُ تَهْدِمُ الصَّنِيْعَةَ: مىننەت قىلىش، قىلغان ياخشىلىقنى بىكارغا چىقىرىۋېتىدۇ.

مَنَّى يُمَنِّي تَمْنِيَةً الشَّخْصَ الشَّيْءَ وَبِهِ: ئۈمىدلەندۈردى، ئۈمىد قىلدى، ئۈمىدۋار بولدى.

مَنَّى الدَّمَ: قان قىلدى، قان چىقاردى.

مَنَّى الرَّجُلُ: ئەر كىشى ئانانىزم قىلدى.

مَنَّى نَفْسَهُ بِالأَمَانِي وَالآمَالِ: ئۆزىگە تەسەللى بەردى، كۆڭلىنى تىنچىتتى.

مِنْهَاجٌ: يول، ئاممىۋى يول، ئۇسۇل، ئۇسلۇب، ئىستىل، پىلان.

مِنْهَاجُ التَّعْلِيْمِ: ئوقۇتۇش پىلانى.

﴿لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجاً﴾ «قۇرئان»: (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق.

مِنْهَاجِيٌّ: پىلانلىق.

الاقْتِصَادُ الْمِنْهَاجِيُّ: پىلانلىق ئىگىلىك.

مِنْهَبٌ: يۈگۈرۈك ئات.

مَنْهَجٌ ج مَنَاهِجُ: يول، ئاممىۋى يول؛ ئۇسۇل، ئۇسلۇب؛ ئىستىل؛ پىلان، لايىھە؛ چارە-تەدبىر.

«مَنْهَجُ الْبَحْثِ»: تەتقىقات پىلانى.

«مَنْهَجُ الدِّرَاسَةِ»: ئۆگىنىش پىلانى.

«مَنَاهِجُ التَّعْلِيْمِ»: ئوقۇتۇش پروگراممىلىرى.

الْمَنْهَجُ الْعِلْمِيّ: ئىلمىي ئۇسلۇب، ئىلمىي تەتقىقات پىلانى.

إدَارَةُ الْمَنَاهِجِ: پىلان كومىتېتى.

مَنْهَلٌ ج مَنَاهِلُ: سۇ ئىچىدىغان يەر، بۇلاق، كىچىك، مەنبە.

«أَخَذَ دَوَابَّهُ إِلَى الْمَنْهَلِ»: ئۇلاغلىرىنى سۇ ئىچىدىغان يەرگە ئېلىپ باردى.

أَخَذَ مِنْ مَنَاهِلِ الْعِلْمِ: ئىلىم مەنبەلىرىدىن ئالدى.

مُنْهَمِرٌ: قۇيۇلغان، تۆكۈلگەن.

﴿فَفَتَحْنَا أَبْوَابَ السَّمَاءِ بِمَاءٍ مُّنْهَمِرٍ﴾ «قۇرئان»:

ئاسمانىنىڭ دەرۋازىلىرىنى قۇيۇلۇپ ياغقۇچى يامغۇر بىلەن ئېچىۋەتتۇق.

مُنْهَمِكٌ ج مُنْهَمِكُونَ: غەرق بولغۇچى، بېرىلىپ كەتكۈچى، بېشىچە كىرىپ كەتكۈچى.

مُنْهَمِكٌ فِي كَذَا: بېرىلىپ كەتكۈچى، بېرىلىپلا كەتكۈچى.

مُنْهَمِكٌ فِي فِلَاحَةِ الْأَرْضِ: دېھقانچىلىققا بېرىلىپ كەتكۈچى.

أَنَّهُ صَامِتٌ وَمُنْهَمِكٌ فِي الْقِرَاءَةِ: ئۇ بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلماي بېرىلىپ ئوقۇماقتا.

الْبِنْتُ مُنْهَمِكَةٌ فِي تَرْتِيبِ الْمَنْزِلِ: قىز ئۆينى رەتلەشكە بېرىلىپ كەتتى.

مَنْهُوبٌ: بۇلانغان، تالانغان، جەددىي تەلەپ قىلىنغان.

مَنْهُوشٌ ج مَنْهُوشُونَ: ئورۇق، يەڭگىل.

مَنْهُوكٌ ج مَنْهُوكُونَ: بەك ھارغان، بەك چارچىغان، ھالسىزلانغان، ماغدۇرسىزلانغان.

«رَجَعَ إِلَى الْمَنْزِلِ مَنْهُوكَ الْقُوَى»: ئۆيىگە بەك چارچىغان ھالدا قايتتى.

مَنْهُومٌ ج مَنْهُومُونَ: بېرىلگەن، ھەۋەسكار، ئاچ كۆز.

«مَنْهُومَانِ لَا يَشْبَعَانِ طَالِبُ عِلْمٍ وَطَالِبُ دُنْيَا» ‹حديث›: تويمايدىغان ئىككى تۈرلۈك ئادەم بار: ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ۋە مال-دۇنيا تويلىغۇچى.

مَنْهِيٌّ عَنْهُ: مەنئى قىلىنغان، توسۇلغان، چەكلەنگەن.

مِنْوَاعٌ: ئۇسلۇب، شەكىل، ئۇسۇل

مِنْوَالٌ: ئۇسۇل، ئۇسلۇب، ۋاستە، مېتود، شەكىل، ئەندىزە، مىسال، ئۈرنەك، پاسون، فورما، قىياپەت، تىپ.

عَلَى مِنْوَالِهِ: ئۇنىڭدەك، ئۇنىڭغا ئوخشاش.

عَلَى هَذَا الْمِنْوَالِ: شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭغا ئاساسەن.

مِنْوَالُكَ أَلَّا تَفْعَلَ كَذَا: شۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك.

مِنْوَالٌ ج مَنَاوِلُ: رەخت توقۇش ئىستانوكى، دەستىگاھ؛ كېمە كىراسى.

نَسَجَ عَلَى مِنْوَالِهِ: ئۇنىڭغا ئوخشاش توقۇدى.

هم عَلَى مِنْوَالٍ وَاحِد: ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ئوخشاش.

مِنْوَأَةٌ: ھاۋا رايى خاتىرىلىگۈچ، ھاۋا رايى خاتىرىلەش ئەسۋابى.

مِنْوَئِيٌّ: ھاۋا رايىنىڭ، ھاۋا رايىغا ئائىت.

مَنْوَرٌ ج مَنَاوِرُ: تۈڭلۈك، دېرىزە.

مَنُوطٌ: كۆكسى ياكى بوغۇزى ئىششىغان؛ مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار.

«بَعِيرٌ مَنُوطٌ»: باغلاغلىق تۆگە.

«حَلُّ الْمُشْكِلَةِ مَنُوطٌ بِكَ»: قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ساڭا باغلىق.

هُوَ مَنُوطٌ بِالْقَوْمِ: ئۇ ياقا يۇرتلۇق.

مِنْوَلٌ: رەخت توقۇش ئىستانوكى، دەستىگاھ؛ كېمە كىرا ھەققى.

مَنُولِيَا: ماكلونىيە (چوڭ ۋە خۇشبۇي گۈللۈك، دائىم يېشىل تۇرىدىغان، زىننەت ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدىغان ئۆسۈملۈك).

مَنُومَةٌ: ئۇخلىتىدىغان، ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسى.

مَنُومِتْرٌ: سۇيۇقلۇق مانومېتىرى (پار قازاندىكى گاز ياكى سۇيۇقلۇقنىڭ بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب)

مَنُونٌ: كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈچى، كۆپ تەشەككۈر ئېيتقۇچى، كۆپ رەھمەت ئېيتقۇچى؛ ئۆلۈم، ھالاكەت.

إِغْتَالَتْهُ الْمَنُوْنُ: ئۇ ئۆلدى، ئۇ ھالاك بولدى.

رَيْبُ الْمَنُوْنِ: بالايىئاپەت، كۈلپەت، بەختسىزلىك، بالا ـ قازا، ئاپەت، ھالاكەت.

﴿نَتَرَبَّصُ بِهِ رَيْبَ الْمَنُونِ﴾ «قرآن»: بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە يولۇقۇشىنى كۈتىمىز.

رَجُلٌ مَنُوْنٌ: مىننەتخور ئادەم.

أَدْرَكَتْهُ الْمَنُوْنُ: ئۇ ئۆلدى.

مُنَوِّبٌ ج مُنَوِّبُوْنَ: ۋەكىل قىلغۇچى، ۋەكىل بەلگىلىگۈچى.

«دَافَعَ الْمُحَامِيْ عَنْ مُنَوِّبِهِ»: ئادۋوكات ئۆز ۋەكىل قىلغۇچىسىنى قوغدىدى.

مُنَوِّرٌ ـ مُنَوَّرَةٌ: يورۇتۇلغان، چاقنىغان، ئوچۇق، روشەن، يارقىن، مۇنەۋۋەر.

الْمَدِيْنَةُ الْمُنَوَّرَةُ: مەدىنە مۇنەۋۋەر.

مُنَوَّعٌ ج مُنَوَّعَاتٌ: تۈرلۈك، خىلمۇخىل.

«طَعَامٌ مُنَوَّعٌ»: تۈرلۈك تائام.

«الْمُنَوَّعَاتُ الْغِنَائِيَّةُ»: ھەر خىل ناخشىلار.

مُنَوِّمٌ: ئۇخلىتىدىغان، ئۇخلاتقۇچى، ھوشسىزلاندۇرغۇچى.

«دَوَاءٌ مُنَوِّمٌ»: ئۇخلىتىدىغان دورا.

«حُبُوْبٌ مُنَوِّمَةٌ»: ئۇخلىتىدىغان تابلېتكا دورىلار.

مُنَوَّهٌ بِهِ: چۇشەندۇرۇلگەن، ئىزاھلانغان، شەرھلەنگەن، تىلغا ئېلىنغان.

مَنَوِيٌّ: مەنىيلىك، ئىسپېرمىلىق.

الْحَبْلُ الْمَنَوِيّ: ئىسپېرمىن.

الْحُوَيْوِيْنُ الْمَنَوِيّ: ئۇرۇق، ئىسپېرما توزوئىد، ئىسپېرما، مەنىي.

السَّائِلُ الْمَنَوِيّ: مەنىي، سپېرما

اَلْغُدَّةُ الْمَنَوِيَّةُ: ئۇرۇق خالتىسى.

مَنَى يَمْنِي مَنْيًا: سىناق قىلدى، تەجرىبە قىلدى، سىناپ كۆردى، ئىمتىھان ئالدى.

مُنِيَ بِكَذَا: ئۇچرىدى، دۇچ كەلدى، دۇچار قىلىندى.

مُنِيَ لِكَذَا: ئوڭۇشلۇق بولدى، ئوڭايلا ئېرىشتى.

مَنَى اللهُ لَكَ الْخَيْرَ: ئاللاھ ساڭا ياخشىلىقنى پۈتسۇن.

مَنَى اللهُ الشَّخْصَ بِكَذَا: ئاللاھ پالاننى سىنىدى.

مُنِيَ بِخَسَائِرَ فَادِحَةٍ: ئېغىر زىيان تارتتى.

مُنِيَتْ جُهُوْدُهُ بِالْفَشَلِ: ئۇنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكار كەتتى.

مِنًى: ئىسپېرما؛ مىنا (مەككىدىكى).

مُنِيْبٌ: قايتقۇچى، يانغۇچى.

مُنِيْبٌ إِلَى: تەۋبە قىلغۇچى، پۇشايمان قىلغۇچى.

الْمُنِيْبُ: مول يامغۇر، يېشىل ئوت.

مُنْيَةٌ ج مُنًى: ئۈمىد، ئارزۇ، تىلەك، ئىستەك.

مُنِيْرٌ: نۇر چاچقۇچى، نۇر تارقاتقۇچى، يورۇتقۇچى، نۇرلۇق، ئوچۇق.

«جِسْمٌ مُنِيْرٌ»: يورۇتقۇچى جىسىم، يالتىراق جىسىم.

«وَجْهُ الْفَتَاةِ مُنِيْرٌ»: خۇش چىراي قىز.

رَأْيٌ مُنِيْرٌ: ئوچۇق پىكىر.

صَوَارِخٌ مُنِيْرَةٌ: يورۇتقۇچى راكېتا.

أَجْوِبَةٌ مُنِيْرَةٌ: روشەن ئوچۇق جاۋابلار.

مَنِيْعٌ ج مُنَعَاءُ: مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس، پۇختا، قاتتىق، چىڭ، مەزمۇت، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، قەيسەر، قاۋۇل، يېڭىلمەس.

حِصْنٌ مَنِيْعٌ: مۇستەھكەم قورغان.

جَيْشٌ مَنِيْعٌ: غالىب ئارمىيە، غالىب قوشۇن، يېڭىلمەس قوشۇن.

رَجُلٌ مَنِيْعُ الْجَانِبِ: قاۋۇل ئادەم.

مُنِيْفٌ: كۆركەم، ھەيۋەتلىك، ئۇلۇغوار، چىرايلىق.

مُنِيْلٌ: ئېرىشلگەن نەرسە.

مَنِيْمٌ ج مَنَائِمُ: رېلىس، يول، ئىز.

مَنِيٌّ: مەنىي، ئىسپېرما.

مَنِيَّةٌ ج مَنَايَا: ئۆلۈم، ھالاكەت.

وَافَتْهُ الْمَنِيَّةُ: ئۇ ئۆلدى.

رَسُولُ الْمَنَايَا: ئۆلۈم ئەلچىسى.

مُنَيِّلٌ: نىل رەڭدە بويالغان.

«قُمَاشٌ مُنَيَّلٌ»: نىل رەڭدە بويالغان رەخت.

مَهْ / مَهٍ: توختا، توختىغىنا.

مَهَا يَمْهُو مَهْوًا الرَّجُلَ: قاتتىق ئۇردى، قاتتىق دۇمبالىدى.

مَهَابَةٌ: قورقماق، چۆچۈمەك، ھۆرمەتلىمەك، بويسۇنماق.

مَهَاةٌ ج مَهًا وَمَهَوَاتٌ وَمَهَيَاتٌ: ياۋا كالا، ياۋا قوتاز؛ خروستال.

مُهَاتَرَةٌ ج مُهَاتَرَاتٌ: تالاش-تارتىش قىلىشماق، تاكاللاشماق.

«مُهَاتَرَاتٌ حِزْبِيَّةٌ»: پارتىيىۋى تالاش-تارتىشلار.

مَهَاجٌ: دۇڭكاتىل، موتور.

مُهَاجِرٌ ج مُهَاجِرُونَ: مۇھاجىر، كۆچمەن، ھىجرەت قىلغۇچى.

الْمُهَاجِرُ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغۇچى ئادەم.

﴿لَقَدْ تَابَ اللهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالأَنصَارِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ﴾ «قرآن»: ئاللاھ ھەققەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى.

الْمُهَاجِرُ: سەت گەپ، قەبىھ سۆز.

«لَا يَتَكَلَّمُ إِلَّا بِالْمُهَاجِرِ»: ئۇ پەقەت سەت گەپنىلا قىلىدۇ.

الطُّيُورُ الْمُهَاجِرَةُ: پەسىل قۇشلىرى.

مُهَاجِمٌ: ھۇجۇمچى، زەربە بەرگۈچى.

مُهَاجَمَةٌ: ھۇجۇم قىلماق، زەربە بەرمەك.

مِهَادٌ ج مُهُدٌ وَمُهُدٌ وَأَمْهِدَةٌ: كارىۋات، كات، ئورۇن-كۆرپە، تۆشەك، يوتقان-كۆرپە؛ پەس يەر، دېڭىزنىڭ قەئرى.

﴿أَلَمْ نَجْعَلِ الأَرْضَ مِهَاداً﴾ «قرآن»: زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟

مِهَادَاتٌ: خۇشامەت قىلماق، تەخسىكەشلىك قىلماق.

مُهَادَنَةٌ: سۈلھى تۈزۈشمەك.

مَهَارَةٌ ج مَهَارَاتٌ: ئىقتىدار، قابىلىيەت، ماھىرلىق، ئۇستىلىق، ئەپچىللىك.

مَهَارَةٌ يَدَوِيَّةٌ: قولنىڭ ئەپچىللىكى.

أَدَّى مُهِمَّتَهُ بِمَهَارَةٍ: ۋەزىپىسىنى چاققانلىق بىلەن ئورۇنلىدى.

بِمَهَارَةٍ: ئۇستىلىق بىلەن.

الْمَهَارَةُ تَنْشَأُ مِنَ الْمُمَارَسَةِ: ماھارەت مەشىقتىن كېلىدۇ.

الْمَهَارَاتُ اللُّغَوِيَّةُ: تىل جەھەتتە چېنىقىش.

إِكْتِسَابُ الْمَهَارَاتِ اللَّازِمَةِ لِهَذَا الْعَمَلِ: بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن مەلىكىلىك بولۇش.

مُهَارَشَةٌ: جېدەللەشمەك، دەتالاش قىلماق.

مُهَانٌ: خار، ئەرزىمەس، ھاقارەتلەنگەن.

﴿وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَاناً﴾ «قرآن»: ئۇ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ.

مَهَانَةٌ: شەرمەندىلىك، رەسۋاچىلىق، رەزىللىك، خارلىق.

مُهَانَفَةٌ: مەسخىرە قىلماق، مازاق قىلماق.

مَهَبٌّ ج مَهَابُّ الرِّيحِ: شامال چىقىدىغان تەرەپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى.

لَا تَجْلِسْ فِي مَهَبِّ الرِّيحِ: شامال ئىغىزىدا ئولتۇرما.

كُرَيْشَةٌ فِي مَهَبِّ الرِّيحِ: شامال ئىغىزىدىكى پەيگە ئوخشاش.

مَهْبِطٌ ج مَهَابِطُ: چۈشىدىغان جاي.

مَهْبِطُ الطَّائِرَةِ: ئايرودروم.

مُنْذُ مَطْلِعِ الصُّبْحِ حَتَّى مَهْبِطِ اللَّيْلِ: سەھەردىن كەچكىچە.

مَهْبِطُ النَّهْرِ: دەريانىڭ قۇيۇلىدىغان جايى.

مَكَّةُ مَهْبِطُ الْوَحْيِ: مەككە مۇكەررەمە ۋەھيى چۈشكەن جاي.

مُهْبِطٌ: چۈشۈرگۈچى، پەسەيتكۈچى.

مُهْبِطُ الْحَرَارَةِ: قىزىتما قايتۇرۇش دورىسى.

مَهْبَطَةٌ: شار، پاراشوت.

مِهْبَطَةٌ ج مَهَابِطُ: پاراشوت.

مِهْبَلٌ: يىنىك، يەڭگىل.

مَهْبِلٌ ج مَهَابِلُ: ئورەك، تاغ شامىلى؛ جىنسىي يول.

«غِشَاءُ الْمَهْبِلِ»: جىنسىي يول پەردىسى.

مَهْبِلِيٌّ: جىنسىي يولنىڭ، جىنسىي يولغا ئائىت.

«اِلْتِهَابٌ مَهْبِلِيٌّ»: جىنسىي يول ياللۇغى.

مَهْبُوتٌ: قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك.

مَهْبُوطٌ: ئورۇق، ياداڭغۇ، جۇدەڭ.

مُهْتَاجٌ: تەسىرلەنگەن، ھاياجانلانغان.

مُهْتَدٍ ج مُهْتَدُوْنَ: توغرا يولدا ماڭغۇچى، ھىدايەت تاپقۇچى، ئىسلام دىنىغا كىرگۈچى.

﴿فَمِنْهُم مُهْتَدٍ وَكَثِيرٌ مِّنْهُمْ فَاسِقُونَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلاردىن ھىدايەت تاپقانلىرى بار ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر.

«كَثُرَ عَدَدُ الْمُهْتَدِيْنَ فِي إِفْرِيْقِيَا»: ئافرىقىدا ئىسلام دىنىغا كىرگۈچىلەرنىڭ سانى كۆپەيدى.

مُهْتَرٌ: ئالجىغان، بىلجىرلىغان.

مُهْتَرِئٌ: پىشقان، پىشۇرۇلغان، پىشىپ كەتكەن.

مُهْتَزٌ: مىدىرلىغان، لىڭشىغان.

«أَصْوَاتٌ مُهْتَزَّةٌ»: تىترەپ چىققان ئاۋازلار، تۇراقسىز ئاۋازلار.

مُهْتَزٌّ ج مُهْتَزُّوْنَ: تەسىرلەنگەن، قالايمىقانلاشقان، تىترىگەن.

هُوَ مُهْتَزٌّ مِنْ مَظَاهِرِ الْبُؤْسِ: ئۇ ئازاب-ئوقۇبەت كۆرۈنۈشىدىن تەسىرلەنگەن.

مُهْتَصِرٌ: شىر، يولۋاس.

مُهْتَمٌّ ج مُهْتَمُّوْنَ: كۆڭۈل بۆلگۈچى، غەمخورلۇق قىلغۇچى.

مُهْتَمٌّ لَهُ: قايغۇرغۇچى.

مُعَلِّمٌ مُهْتَمٌّ بِتَلَامِيْذِهِ: ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇتقۇچى.

مُهْتَمٌّ لِفَقْدِ صَدِيْقِهِ: دوستىدىن ئايرىلغانلىقىدىن غەمكىن.

مَهَجَ يَمْهَجُ مَهْجًا الشَّخْصُ: رەڭگىرويى ياخشى بولدى.

مَهَجَ الْمَرِيْضُ: ئاغرىق ساقىيىشقا قاراپ ماڭدى.

مَهَجَ الْوَلَدُ أُمَّهُ: بالا ئانىسىنى ئەمدى.

مُهْجَةٌ ج مُهَجٌ وَمُهَجَاتٌ: يۈرەك قېنى، روھ، جان، ھەر نەرسىنىڭ ياخشىسى.

خَرَجَتْ مُهْجَتُهُ: ئۇنىڭ جېنى چىقتى.

مَهْجَرٌ ج مَهَاجِرُ: كۆچىدىغان جاي.

أَهْلُ الْمَهْجَرِ: جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىدا جايلىشىپ قالغان كۆچمەن ئەرەبلەر.

«جُبْرَانُ مِنْ أُدَبَاءِ الْمَهْجَرِ»: جۇبران ئامېرىكىدا جايلىشىپ قالغان ئەرەب كۆچمەنلىرىدىن.

«مَهَاجِرُ الْعَرَبِ فِي أُوْرُوْبَا وَأَمْرِيْكَا»: ئەرەبلەرنىڭ كۆچىدىغان جايلىرى ياۋروپا بىلەن ئامېرىكا.

مَهْجَعٌ ج مَهَاجِعُ: ياتاق ئۆي.

يَجِبُ أَنْ يَكُوْنَ الْمَهْجَعُ مُرَتَّبًا وَنَظِيْفًا فَلَا تُقَلِّبْهُ رَأْسًا عَلَى عَقِبٍ: ياتاق رەتلىك ۋە پاكىز بولۇش كېرەك، ئۇنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمە.

مِهْجَعٌ ج مَهَاجِعُ: گول ئادەم، ئەخمەق.

مَهْجُورٌ: تاشلانغان، تاشلىۋېتىلگەن.

مَهْجُورٌ لِقِدَمِهِ: قۇرۇق گەپ، كونا مۇقام.

مَهْجُورٌ مِنَ الْكَلَامِ: ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر.

«أَرْضٌ مَهْجُورَةٌ»: تاشلىۋېتىلگەن زېمىن.

مَهْجُوٌّ: مەسخىرە قىلىنغان، ھەجۋىي قىلىنغان.

مَهَدَ يَمْهَدُ مَهْدًا: يايدى، يېيىتتى، ياتقۇزدى.

مَهَدَ لَهُ عُذْرَهُ: ئۆزنى كېچىكتۈردى.

مَهْدٌ ج مُهُودٌ: بۆشۈك، كىچىك بالا كارىۋىتى.

مَهْدُ الْحَضَارَةِ: مەدەنىيەت بۆشۈكى.

«مَهْدُ الْحَضَارَةِ مَوْطِنُ الْعُلَمَاءِ وَالْ فُضَلَاءِ وَالأَمْجَادِ وَالزُّهَّادِ»: (ئوتتۇرا ئاسىيا) مەدەنىيەت بۆشۈكى، ئۇ يەردىن ئۆلىمالار، پازىللار، ئالىيجاناب كىشىلەر ۋە زاھىتلار ئىنتايىن كۆپ چىققان.

مِنَ الْمَهْدِ إِلَى اللَّحْدِ: بۆشۈكتىن تارتىپ تۆشۈككىچە، ئۆمۈرۋايەت.

﴿الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الأَرْضَ مَهْداً﴾ «قرآن»: ئۇ زېمىننى سىلەرگە بىسات قىلىپ بەردى.

قَضَى عَلَى الشَّرِّ فِي مَهْدِهِ: ئاپەتنى ئۆز ئۇۋىسىدىلا ئۆجۈقتۇردى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدى.

مِهْدَاءٌ: قولى كەڭ، كۆپ سوۋغا بەرگۈچى.

مَهْدَأَةٌ ج مَهَادِئُ: ھالەت.

مُهَدِّئٌ ج مُهَدِّئَاتٌ: تىنچلاندۇرغۇچى.

«دَوَاءٌ مُهَدِّئٌ لِلأَعْصَابِ» (فِي الطِّبِّ): نېرۋىنى تىنچلاندۇرغۇچى دورا.

مُهَدَّبٌ: كىرپىكلىك.

مِهَدَّةٌ: مېتىن، تاش چوقۇش سايمىنى.

مُهَدِّدٌ: تەھدىت سالغۇچى، قورقۇتقۇچى.

مُهَدَّدٌ: قورقۇتۇلغان، تەھدىتكە ئۇچرىغان، تەھدىت سېلىنغان.

مُهَدَّمٌ: ئاجىز؛ بۇزۇلغان، ۋەيران قىلىنغان.

مَهْدُودٌ: بۇزۇلغان، ھالسىرىغان.

رَجُلٌ مَهْدُودُ الْقُوَى: ئاجىزلاپ كەتكەن ئادەم.

«دَارٌ مَهْدُودَةٌ»: بۇزۇلغان قورۇ.

مَهْدُورٌ: بىكار كەتكەن، ئىسراپ قىلىنغان.

مَهْدُورُ الشَّرَفِ: ئابرۇيى تۆكۈلگەن.

دَمٌ مَهْدُورٌ: ناھەق تۆلتۈرۈلگەن.

مَهْدُومٌ: بۇزۇلغان، خاراب بولغان.

مَهْدِيٌّ: يېتەكلەنگەن، توغرا يولغا باشلانغان؛ توغرا يولدا ماڭغۇچى، ھىدايەت تاپقۇچى.

مِهْذَارٌ ج مَهَاذِيرُ: ۋالاقتەككۈر.

الْمِكْثَارُ مِهْذَارٌ: كۆپ سۆزلەيدىغان ئادەم ۋالاقتەككۈر كېلىدۇ.

مُهَذِّبٌ: تەربىيىلىگۈچى، ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز، مۇئەللىم.

مُهَذَّبٌ ج مُهَذَّبُونَ م مُهَذَّبَةٌ ج مُهَذَّبَاتٌ: تەربىيىلەنگەن؛ ئەدەپلىك، ئوگشالغان، تۈزىتىلگەن، ئەخلاقلىق.

«شَابٌّ مُهَذَّبٌ»: تەربىيىلىك يىگىت، ئەخلاقلىق يىگىت.

الشَّابُّ الْمُهَذَّبُ هُوَ الَّذِي لَا يَعْتَدِي عَلَى أَحَدٍ: ئەخلاقلىق يىگىت ھېچ ئادەمگە چېقىلمايدۇ.

التِّلْمِيذُ الْمُهَذَّبُ هُوَ الَّذِيْ يُطِيْعُ أَبَوَاهُ: ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچى ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلىدۇ.

«كَلَامٌ مُهَذَّبٌ»: ساغلام گەپ.

«شِعْرٌ مُهَذَّبٌ»: ئېۋەنىسىز شېئىر.

مَهَرَ يَمْهُرُ / يَمْهَرُ مَهْرًا وَمُهُورًا وَمَهَارًا وَمَهَارَةً الشَّيْءَ وَفِيْهِ وَبِهِ: پىششىق بولدى، پۇختا بولدى، مەلىكىلىك بولدى، ئۇستا بولدى، ماھىر بولدى.

مَهَرَ الْخِطَابَ وَالصَّكَّ: ئىمزا قويدى، قول قويدى.

مَهَرَ فِي صِنَاعَةِ الْجِلْدِ: تېرە ئىشلەشتە ماھىر بولدى.

مَهَرَ فِي نَظْمِ الْمَدِيْحِ: مەدھىيە شېئىرى يېزىشتا ئۇستا بولدى.

مَهَر يَمْهَرُ مَهْرًا الْمَرْأَةَ: ئايالغا مەھرى بەردى.

مَهْرٌ ج مُهُورٌ: ئايالنىڭ مەھرى، ئايالغا بېرىلىدىغان تويلۇق مەھرى.

«أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ ثَمَنِ الْكَلْبِ وَمَهْرِ الْبَغِيِّ وَحُلْوَانِ الْكَاهِنِ» «حديث»: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىتنىڭ پۇلىنى، پاھىشىدىن كەلگەن پۇلنى ۋە پالچىلىقتىن كەلگەن پۇلنى يېيىشنى مەنئى قىلدى.

مُهْرٌ ج مُهُورٌ: تامغا، مۆھۈر.

مُهْرٌ ج مِهَارٌ وَأَمْهَارٌ وَمِهَارَةٌ: تاي، ئاتنىڭ بالىسى.

مَهَرَاجَا: ھىندىستان ئەمىرلىرىنىڭ لەقىمى.

مِهْرَاسٌ ج مَهَارِسُ: ھاۋانچا.

مُهْرَاقٌ: تۆكۈلگەن، قويۇلغان، ئاققۇزۇلغان.

مَهْرَبٌ ج مَهَارِبُ: قاچىدىغان جاي، پاناھلىنىدىغان جاي، پاناھگاھ؛ چىقىش يولى؛ چارە، ئامال؛ ئېھتىيات ئىشىكى.

الْجَبَلُ مَهْرَبُ الثُّوَّارِ: تاغ قوزغىلاڭچىلار پاناھلىنىدىغان جاي.

أَمْرٌ لَا مَهْرَبَ مِنْهُ: قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىش.

مُهْرَةٌ ج مُهَرٌ وَمُهَرَاتٌ: بايتال، چىشى تاي.

مَهْرَجَانٌ ج مَهْرَجَانَاتٌ: بايرام، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش، بايرام ياكى خاتىرىلەش چوڭ يىغىنى، ئىرانلىقلارنىڭ كۈزدە ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل بايرىمى.

مَهْرَجَانُ شَبَابِ الْعَالَمِ: دۇنيا ياشلار بايرىمى.

الْمَهْرَجَانُ الرِّيَاضِيُّ: تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ئىسپورت مۇسابىقىسى.

مَهْرَجَانُ الْأَزْهَارِ: گۈل بايرىمى.

مَهْرَجَانُ السِّينَمَا: كىنو فېستىۋالى.

«مَهْرَجَانُ اِبْنِ سِينَا»: ئىبنى سىنانى خاتىرىلەش يىغىنى.

الْمِهْرَجَانُ الدَّوْلِيُّ لِلسِّينَمَا: خەلقئارالىق كىنو بايرىمى.

«أَلْمِهْرَجَانَاتُ الْعَالَمِيَّةُ لِلْمُوسِيقَا»: خەلقئارالىق مۇزىكا بايرىمى.

مُهَرِّبٌ ج مُهَرِّبُونَ: ئەتكەس مال سودىگىرى.

مُهَرِّبُ الْمُخَدِّرَاتِ: زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەتكەسچىسى.

مُهَرَّبٌ ج مُهَرَّبَاتٌ: ئەتكەس مال، ئەتكەسچىلىك قىلىنغان.

تُصَادِرُ مَصَالِحُ الْجَمَارِكِ الْمُهَرَّبَاتِ: تاموژنا ئىدارىلىرى ئەتكەس ماللارنى مۇسادىرە قىلىدۇ.

مُهَرَّبَاتٌ: ئەتكەس ماللار.

مُهَرَّةٌ: يولۋاس.

مُهَرِّجٌ ج مُهَرِّجُونَ: ھەيبار، قىزىقچى، ھەزىلكەش، پاراكەندىچىلىك سالغۇچى.

كَثُرَ الْمُهَرِّجُونَ فِي الْمَلَاعِبِ الرِّيَاضِيَّةِ: تەنھەرىكەت مەيدانلىرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچىلار كۆپەيدى.

«مُهَرِّجُ السِّرْكِ مَحْبُوبٌ مِنَ الْأَطْفَالِ»: كۈلدۈرگە ئارتىسنى كىچىك بالىلار ياخشى كۆرىدۇ.

مُهْرَقٌ ج مَهَارِقُ: خەت يېزىلغان تېرە.

مُهْرَقٌ: ئاققان، تۆكۈلگەن، قۇيۇلغان؛ قەغەز.

مِيَاهٌ مُهْرَقَةٌ: تۆكۈلگەن سۇلار.

مُهْرَقَانٌ: دېڭىز ساھىلى، دېڭىزنىڭ گىرۋىكى.

مَهْرُوسٌ: يانجىلغان، ئېزىلگەن.

مُهَرْوِلٌ ج مُهَرْوِلُونَ: سوكۇلدىغۇچى، سوكۇلداپ ماڭغۇچى.

مَهْرِيَّةٌ ج مَهَارَى وَمَهَارِيُّ: يۈگۈرۈك تۆگە.

مَهْزَأَةٌ: مەسخىرە قىلىش.

مِهَزٌّ: بۆشۈك.

مَهْزَلَةٌ ج مَهَازِلُ: كۈلكىلىك ئويۇن، كۈلدۈرگە،

كومپيديه.

مَهْزُوزٌ: تەۋرەپ قالغان، ھەرىكەتلىنىۋاتقان.

مُهْزُولٌ ج مَهَازِلُ: ئورۇق، جۈدەڭ.

مَهْزُومٌ: مەغلۇپ بولغان، يېڭىلگەن.

﴿جُنْدٌ مَّا هُنَالِكَ مَهْزُومٌ مِّنَ الْأَحْزَابِ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار (رەسۇلۇللاھقا قارشى) جامائەلەردىن ئۇيۇشقان، مەغلۇپ قىلىنغان قوشۇندۇر.

مُهَشَّمٌ: سۇنغان، چېقىلغان.

زُجَاجٌ مُهَشَّمٌ: سۇنۇق ئەينەك.

«مَنَازِلُ مُهَشَّمَةٌ مِنْ أَثَرِ الزِّلْزَالِ»: يەر تەۋرەش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتكەن ئۆيلەر.

مَهْشُوزٌ: ئۆپكە ئاغرىقى بولغان تۆگە.

مِهْصَارٌ: شىر، يولۋاس.

مِهْصَرٌ: شىر، يولۋاس.

مِهْصِيرٌ: شىر، يولۋاس.

مَهْضُومٌ: ھەزىم بولغان، سىڭگەن.

طَعَامٌ مَهْضُومٌ: سىڭىشلىك تاماق.

مُهْطِعٌ: يۈگۈرگۈچى؛ خارلىقتا تۇرغۇچى.

﴿مُّهْطِعِينَ إِلَى الدَّاعِ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار چاقىرغۇچىنىڭ ئالدىغا بويۇنلىرىنى سوزغان ھالدا يۈگۈرەيدۇ.

مِهَفَّةٌ: پەي سۈپۈرگۈچ.

مُهَفَّكٌ: چۈۋالچاق.

مُهَفْهَفٌ م مُهَفْهَفَةٌ: غۇنچە بوي؛ نازۇك؛ شالاڭ، نېپىز.

مُهَفْهَفَةٌ: سۇزۇك، شالاڭ؛ تىنىق.

مَهْفُوتٌ: ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن، ھودۇقۇپ كەتكەن، قېيىن ئەھۋالدا قالغان.

مَهْفُوفٌ: ئەخمەق، دۆت؛ قورقۇنچاق، يۈرەكسىز.

مَهَقَ يَمْهَقُ مَهَقًا الشَّخْصُ: يۈگۈردى، چاپتى.

مَهَقَ الْفَصِيلَ: تويغۇزدى.

مَهِقَ يَمْهَقُ مَهَقًا: ئاقىرىپ كەتتى، ئاپئاق بولدى.

مَهَكَ يَمْهَكُ مَهْكًا الشَّيْءَ: يانجىدى، سوقتى، تالقانلىدى، ئەزدى، مىجىدى، ئۇۋۇلىدى.

مَهَكَ فِي السَّيْرِ: تېز ماڭدى.

مَهْكَةُ الشَّبَابِ: ياشلىق باھارى.

مَهْكَرٌ، مَهْكَرَةٌ: ھەيران قالارلىق، ئەجەبلىنەرلىك.

مَا فِيهِ مَهْكَرٌ وَمَهْكَرَةٌ: ئۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

مَهَلَ يَمْهَلُ مَهْلًا وَمُهْلَةً فِي الْعَمَلِ: ئالدىرىمىدى، ئاستا قىلدى، ئاستا-ئاستا قىلدى.

مَهْلٌ، مَهَلٌ: ئاستا، ئالدىرىماي.

عَلَى مَهْلٍ، عَلَى مَهْلِكَ، مَهْلًا: ئاستا! ئاستىراق! ئالدىرىماي! مۇناسىپ پەيتتە.

مُهْلٌ: ئېرىتىلگەن مېتال، داغلانغان ماينىڭ دۇغى، يېرىڭ.

﴿وَإِن يَسْتَغِيثُوا يُغَاثُوا بِمَاءٍ كَالْمُهْلِ يَشْوِي الْوُجُوهَ﴾ «قۇرئان»: ئۇلار سۇ تەلەپ قىلسا ئۇلارغا مەدەن ئېرىتمىسىگە ئوخشاش يۈزلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان (ناھايىتى قىزىق) سۇ بېرىلىدۇ.

مُهْلَةٌ ج مُهَلٌ: بەلگىلەنگەن مۇددەت، مۆھلەت.

أَعْطِنِي مُهْلَةً كَيْ أُفَكِّرَ: ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرگىن، ئويلىنىۋالاي.

أَعْطَاهُ مُهْلَةً لِإِرْجَاعِ الدَّيْنِ: ئۇنىڭغا قەرز قايتۇرۇشقا مۆھلەت بەردى.

مُهْلِكٌ: ھالاك قىلغۇچى، يوقاتقۇچى، ۋەيران قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى، خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق.

مَهْلَكَةٌ ج مَهَالِكُ: ھالاكەتلىك جاي، خەۋپلىك جاي.

الْحُرُوبُ مَهَالِكُ: جەڭ ھالاكەتلىك جايدۇر.

مُهَلِّلٌ: ھىلال ئاي شەكىللىك، ياي شەكىللىك.

مُهَلْهَلٌ: شالاڭ، نېپىز، يۇپقا.

«ثَوْبٌ مُهَلْهَلٌ»: يىرتىق كىيىم.
كَلَامٌ مُهَلْهَلٌ: پەلىپەتىش سۆز.
شِعْرٌ مُهَلْهَلٌ: چۇۋالچاق شېئىر.
مَهْلُوبٌ: كېسىلگەن، قىرقىلغان، ئۈزۈلگەن.
مَهْلُوبُ الذَّنَبِ: قۇيرۇقى كېسىك.
مَهْلُوسٌ: ئۆپكە سىلىگە دۇچار بولغان.
مَهْمَا: شەرت قوشۇمچىسى بولۇپ، نېمە، قايسى، قانداق، قانداقلا بولمىسۇن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.
مَهْمَا تَفْعَلْ أَفْعَلْ: سەن نېمە قىلساڭ مەنمۇ شۇنى قىلىمەن.
مَهْمَا يَكُنْ مِنْ شَيْءٍ فَإِنَّ: ... قانداقلا بولمىسۇن، ئاخىر.
مَهْمَا كَانَتِ الْفَائِدَةُ: قانداق پايدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.
مَهْمَا كَانَ الْأَمْرُ: قانداقلا بولمىسۇن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نېمىلا دېگەنبىلەن، نېمىلا بولسۇن.
مَهْمَا يَزُرْنِي أُكْرِمْهُ: ئۇ مېنى يوقلىسا مەن ئۇنى ھۆرمەتلەيمەن.
يَجِبُ إِحْتِرَامُ كُلِّ عَمَلٍ مَهْمَا يَكُنْ شَأْنُهُ: ھەرقانداق كەسىپ ئەھلىنى كەسىپىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھۆرمەتلەش كېرەك.
مَهْمَا قُلْتَ فَلَنْ أُوَافِقَ عَلَى كُلِّ حَالٍ: نېمىلا دېمىگىن مەن ھەرگىز قوشۇلمايمەن.
﴿وَقَالُوا مَهْمَا تَأْتِنَا بِهِ مِن آيَةٍ لِّتَسْحَرَنَا بِهَا فَمَا نَحْنُ لَكَ بِمُؤْمِنِينَ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار (يەنى پىرئەۋن قەۋمى) «كۆزىمىزنى باغلاش ئۈچۈن ھەرقانداق مۆجىزە كەلتۈرسەڭمۇ بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز»، دېدى.
سَأَفْعَلُ هَذَا مَهْمَا يَكُنْ مِنَ الْأَمْرِ: قانداق بولمىسۇن بۇ ئىشنى مەن قىلىمەن.
مِهْمَادٌ ج مَهَامِدُ: ئاۋاز پەسەيتكۈچ.
مِهْمَارٌ ج مَهَامِرُ: ۋالاقتەككۈر، كوت-كوت.
مِهْمَازٌ ج مَهَامِيزُ: غەيۋەتخور، پىتنىخور، ئىغۋاگەر، سۆخەنچى.
«مِهْمَازُ النَّارِ»: تۆمۈر كۆسەي.
مِهْمَزٌ ج مَهَامِزُ: غەيۋەتخور، پىتنىخور، ئىغۋاگەر، سۆخەنچى، شىپورا (چەۋەندازلار ئاتنى دېۋىتىش ئۈچۈن ئۆتۈكىگە بېكىتىۋالغان تۆمۈر).
مُهْمِلٌ: بېپەرۋا، بىخەستە.
مُهْمِلٌ دُرُوسَهُ: دەرسلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان.
مُهْمِلَةٌ لِتَحْسِينِ خَطِّهَا: خېتىنى ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئايال.
مُهْمَلٌ ج مُهْمَلُونَ: تاشلىۋېتىلگەن.
مُهْمَلُ الْهَيْئَةِ: كۆرۈمسىز.
مُهْمَلُ التَّارِيخِ: يىل-ئاي كۈنلىرى ئىزاھلانمىغان.
مُهْمَلُ التَّوْقِيعِ: ئىمزاسىز، ئىسمى يېزىلمىغان.
أَرْضٌ مُهْمَلَةٌ: تاشلاندۇق يەر.
كَمِيَّةٌ مُهْمَلَةٌ: قىممىتى يوق، ئەرزىمەس.
مُهْمَلَاتٌ: تاشلاندۇق نەرسىلەر.
سَلَّةُ الْمُهْمَلَاتِ: ئەخلەت سېۋىتى.
وَضَعَ الرِّسَالَةَ فِي سَلَّةِ الْمُهْمَلَاتِ: خەت-چەكلەرنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى.
مُهَمْلِجٌ: يورغا ئات.
مُهِمٌّ ج مَهَامُّ: مۇھىم، جىددىي، چوڭ.
مَوْضُوعُ التَّعْلِيمِ مُهِمٌّ: تەلىم-تەربىيە ماۋزۇسى مۇھىمدۇر.
نَجَحَ فِي الْمَهَامِّ الَّتِي أُنْتُدِبَ لَهَا: تەيىنلەنگەن ۋەزىپىلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.
مُهِمَّةٌ ج مُهِمَّاتٌ: ۋەزىپە.
كُلِّفَ بِمُهِمَّةِ الْمُدِيرِ: مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە

تەيىنلەندى.

مُهِمَّةُ الْمُعَلِّمِ شَرِيفَةٌ: ئوقۇتقۇچىلىق شەرەپلىكتۇر.

الْمُهِمَّاتُ الْمَوْكُولَةُ إِلَيْهِ: ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەر.

مُمَهَّدٌ: چارچىغان، ھارغان.

مَهْمَهَ يُمَهْمِهُ مَهْمَهَةً: توسۇدى، چەكلىدى.

مَهْمَهَ فُلَانًا: ... توختىغىنا! ـ دېدى، ... قويغىنا! ـ دېدى.

مَهْمَهٌ ج مَهَامِهُ: قاقاس چۆل، قاقاس دالا.

مَهَامِهُ التَّفْكِيرِ: پىكىر قىلىش دائىرىسى، تەپەككۇر قىلىش دائىرىسى.

مَهْمُوسٌ مِنَ الْكَلَامِ: پىچىرلانغان سۆز، مەخپىي سۆز.

مَهْمُولٌ: تاشلىۋېتىلگەن.

مَهْمُومٌ: غەمكىن، مەيۇس.

مَهَنَ يَمْهَنُ مَهْنًا وَمَهْنَةً وَمِهْنَةً: خىزمەت قىلدى، مۇلازىمەت قىلدى، ئىشلىدى، كەسىپ قىلدى.

مَهُنَ يَمْهُنُ مَهَانَةً: پەسكەش بولدى، رەزىل بولدى، ئاجىز بولدى.

مِهْنَةٌ ج مِهَنٌ: كەسىپ، ئىش، ۋەزىپە، خىزمەت.

مِهْنَةٌ حُرَّةٌ: ئەركىن كەسىپ.

مِهْنَةٌ شَرِيفَةٌ: ئالىيجاناب كەسىپ.

مِهْنَةٌ يَدَوِيَّةٌ: قول سانائەت، قول ھۈنىرى.

الْمُحَامَاةُ مِهْنَةٌ حُرَّةٌ: ئادۋوكاتلىق ئەركىن كەسىپتۇر.

مِهْنَةُ الْحِيَاكَةِ: توقۇمىچىلىق كەسپى.

نَجَحَ فِي مِهْنَتِهِ: كەسپىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

كُلُّ مِهْنَةٍ تُخَرِّجُ إِخْتِصَاصِيِّهَا: ھەربىر كەسىپ ئۆز ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ.

مُهَنْدِسٌ ج مُهَنْدِسُونَ: ئىنژېنېر، تېخنىك.

مُهَنْدِسُ رَيٍّ: سۇ ئىشلىرى ئىنژېنېرى.

مُهَنْدِسٌ رِيَاضِيٌّ: گېئومېتىرىيە ئىنژېنېرى.

الْمُهَنْدِسُ الزِّرَاعِيُّ: ئاگرونوم، دېھقانچىلىق مۇتەخەسسىسى.

الْمُهَنْدِسُ الْكَهْرَبَائِيُّ: ئېلېكتر تېخنىكى.

مُهَنْدِسٌ مِعْمَارِيٌّ: قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى.

سِلَاحُ الْمُهَنْدِسِينَ: ساپيور.

مَدْرَسَةُ الْمُهَنْدِسِينَ: تېخنىك مەكتىپى.

مُهَنْدَمٌ: نەپىس، كېلىشكەن، كۆركەم، سۆلەتلىك؛ ئاقلانغان، يونۇلغان.

مُهَنِّئٌ ج مُهَنِّئُونَ: بەخت تىلىگۈچى، مۇبارەكلىگۈچى.

أَتَاهُ مُهَنِّئُونَ وَمُهَنِّئَاتٌ كَثِيرُونَ: ئۇنىڭغا ئەر-ئايال نۇرغۇن تەبرىكلىگۈچىلەر كەلدى.

إِسْتَقْبَلَ سُمُوُّ الْأَمِيرِ وُفُودَ الْمُهَنِّئِينَ بِالْعِيدِ: ئەمىر ئالىيلىرى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن تەبرىكلىگۈچى ئۆمەكلەرنى كۈتۈۋالدى.

مُهَنَّدٌ: ھىندىستاندا ئىشلەنگەن.

مِهَنِيٌّ: كەسىپىنىڭ، كەسىپلىك، مىھنەتلىك، كەسپىي.

تَدْرِيبٌ مِهَنِيٌّ: كەسپىي تەربىيىلەش، كەسپىي مەشىق.

تَوْجِيهٌ مِهَنِيٌّ: كەسپىي كۆرسەتمە.

تَعْلِيمٌ مِهَنِيٌّ: كەسپىي مائارىپ.

إِقْبَالُ الشَّبَابِ عَلَى التَّعْلِيمِ الْمِهَنِيِّ: ياشلارنىڭ كەسپىي مائارىپقا يۈزلىنىشى.

نِقَابَةٌ مِهَنِيَّةٌ: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى.

مَهَّدَ يُمَهِّدُ تَمْهِيدًا: يايدى، يايغۇزدى، يېيىتتى.

مَهَّدَ الْأَمْرَ: ئورۇنلاشتۇردى، سەرەمجانلاشتۇردى، جايلاشتۇردى، تەييارلىدى.

مَهَّدَ الْفِرَاشَ: تۆشەكنى سالدى.

مَهَّدَ الطَّرِيقَ: يولنى تۈزلىدى.

مَهَّدَ لَهُ عُذْرَهُ: ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلدى، ئەھۋالنى ھېسابقا ئالدى، كەڭ قورساقلىق

قىلدى.

مَهَّكَ يُمَهِّكُ تَمْهِيكًا الشَّيْءَ: يانجىدى، سىوقتى، ئەزدى.

مَهَّلَ يُمَهِّلُ تَمْهِيلًا: كېچىكتۈردى، ئارقىغا سۈردى، ۋاقىت بەردى، كېچىكتۈرۈشكە ئۇنىدى.

مَهَّلَ تَسْلِيمَ الدَّيْنِ: قەرز قايتۇرۇشقا مۆھلەت بەردى.

مَهِّلَهُ: ئۇنىڭغا ئالدىرىمىغىن دېدى.

مَهُوَ يَمْهُوُ مَهَاوَةً اللَّبَنُ: سۈت سۇيۇق بولدى.

مَهُوٌ: خرۇستال ؛ شالاڭ، سۇيۇق، مەرۋايىت.

مَهْوَاةٌ ج مَهَاوٍ: ھاۋا، ئاتموسفېرا، ئاسمان بوشلۇقى.

مِهْوَاةٌ: ھاۋا ئۆتۈشۈش بوشلۇقى.

مَهُوبٌ: ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، ھۆرمەتلىك.

مَهُولٌ: قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك.

مَهْوُوسٌ: سەۋدايى، ئېلىشىپ قالغان.

مُهَوَّسٌ: سارالڭ، ئېلىشىپ قالغان.

مُهَوِّشٌ ج مُهَوِّشُونَ: پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچى.

الْمُهَوِّشُونَ فِي الْحَفَلَاتِ الْعُمُومِيَّةِ: ئاممىۋى سورۇنلاردا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغۇچىلار.

مَهْوًى: ھاۋا، ئاتموسفېرا، ئاسمان بوشلۇقى.

بِئْرٌ بَعِيدَةُ الْمَهْوَى: چوڭقۇر قۇدۇق.

صَارَ مَهْوَى الْأَفْئِدَةِ: ھېسداشلىققا ئېرىشتى.

مِهْيَاصٌ: خۇشال، شاد ـ خۇرام.

مَهِيبٌ: ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، ھۆرمەتلىك.

ضَابِطٌ مَهِيبٌ: سۈرلۈك ئوفىتسېر.

مِشْيَةٌ مَهِيبَةٌ: ھەيۋەتلىك مېڭىش.

مَهِيضٌ: سۇندۇرۇلغان، قايرىلغان.

مَهِيضُ الْجَنَاحِ: قانىتى قايرىلغان.

مَهْيَعٌ ج مَهَايِعُ: داغدام يول.

مَهِيلٌ: قورقۇنچلۇق جاي، سىيرىلىپ چۈشكەن قۇم.

﴿وَكَانَتِ الْجِبَالُ كَثِيباً مَّهِيلاً﴾ «قرآن»: تاغلار بىر دۆۋە تارقاق قۇمغا ئايلىنىدۇ.

مُهَيْمِنٌ ج مُهَيْمِنُونَ: باشقۇرغۇچى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، ئىگىدارلىق قىلغۇچى، تىزگىنلىگۈچى.

مُهَيْمِنٌ عَلَى أَمْلَاكِ إِخْوَتِهِ: قېرىنداشلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى.

الْمُهَيْمِنُ: ئاللاھتائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھەممىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى، باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىدە.

﴿الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ﴾ «قرآن»: ئاللاھ پادىشاھدۇر، پاكتۇر، سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.

مَهِينٌ ج مُهَنَاءُ: خار، ئەرزىمەس، ھاقارەتلەنگەن.

﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِينٍ﴾ «قرآن»: قەسەمخور، پەس ئادەم (يەنى ئېبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن.

مُهِينٌ: ھاقارەتلىك، ئاھانەتلىك، خارلىغۇچى، ئۇۋياتقا قالدۇرغۇچى.

﴿وَلَقَدْ نَجَّيْنَا بَنِي إِسْرَائِيلَ مِنَ الْعَذَابِ الْمُهِينِ﴾ «قرآن»: بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى خار قىلغۇچى ئازابتىن قۇتقۇزدۇق.

مُهَيُومٌ: سەۋدايى، ئاشىقى بىقارار، چاڭقاپ كەتكەن.

مُهَيِّئٌ: تەييارلىغۇچى، ھازىرلىغۇچى.

مُهَيَّأٌ: تەييارلانغان، ھازىرلانغان.

عُدْتُ إِلَى بَيْتِي فَوَجَدْتُ الطَّعَامَ مُهَيَّأً: مەن ئۆيگە قايتىپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى كۆردۈم.

مُهَيِّجٌ ج مُهَيِّجُونَ: قوزغاتقۇچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى. ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرگۈچى؛ ياللۇغلاندۇرغۇچى.

مُهَيِّجُ الْعُمَّالِ: ئىشچىلارنى قوزغىغۇچى.

عَقَارٌ مُهَيِّجٌ: قوزغاتقۇچى دورا.

مُوَاءَمَةٌ: ماس، مۇۋاپىق، مۇناسىپ، ماس كەلمەك، مۇۋاپىق كەلمەك.

مُوَاجَهَةٌ: يۈزمۇ يۈز، روبىرو بولماق، يۈز تۇرانە بولماق.

مُوَاجَهَةُ الْخُصُومِ: دۈشمەنلەرگە روبىرو بولماق.

مُوَاخَاةٌ: دوستلاشماق، قېرىنداش بولۇشماق.

مُوَارَبَةٌ: ئالدامچىلىق، ئالدامچىلىق قىلماق، ساختىپەزلىك.

قَالَ كَلَامَهُ بِدُونِ مُوَارَبَةٍ: ساختىلىق قىلماي سۆزلىدى.

أَبْوَابٌ مُوَارَبَةٌ: ئوچۇق-ئاشكارا.

مُوَازَاةٌ: تەڭمۇتەڭ.

مُوَازِنٌ: ئوخشاش، تەڭ، باراۋەر، تەڭشىگۈچ.

مُوَازَنَةٌ: تەڭپۇڭلۇق، تەكشىلىك، سېلىشتۇرۇش.

مُوَازٍ: تەڭ، تەڭداش.

مُوَاصَفَةٌ ج مُوَاصَفَاتٌ: چۈشەندۈرۈش، ئۆلچەم، تىزىملىك، ھېسابات تالونى.

أَعْطَى الطَّبِيبُ مُوَاصَفَةَ الْعِلَاجِ لِلْمَرِيضِ: دوختۇر كېسەلگە چۈشەندۈرۈشنامىسىنى بەردى.

مُوَاصَفَةُ السِّلْعِ: تاۋار ئۆلچىمى.

بَيْعُ الْمُوَاصَفَةِ: قەرەللىك مال سودىسى.

مُوَاصَفَةٌ عَالَمِيَّةٌ: خەلقئارالىق ئۆلچەم.

مُوَاصَفَاتُ بِنَاءِ الْعِمَارَاتِ: قۇرۇلۇشنىڭ ھېسابات تالونلىرى.

مُوَاصَلَةٌ ج مُوَاصَلَاتٌ: مۇناسىۋەتلەشمەك، تۇتاشماق، ئۇلاشماق، داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز.

وَزَارَةُ الْمُوَاصَلَاتِ: قاتناش مىنىستىرلىكى.

إِدَارَةُ الْمُوَاصَلَاتِ السِّلْكِيَّةِ وَاللَّاسِلْكِيَّةِ: سىملىق ۋە سىمسىز تېلېگراف ئىدارىسى.

إِزْدِحَامُ الْمُوَاصَلَاتِ: قاتناش قىستاڭچىلىقى.

الْمُوَاصَلَاتُ الْجَوِّيَّةُ: ئاۋىئاتسىيە.

طُرُقُ الْمُوَاصَلَاتِ: قاتناش قۇرالىرى، قاتناش ۋاستىلىرى.

مُوَاطَأَةٌ: قوشۇلماق.

مُوَاطِنٌ ج مُوَاطِنُونَ: يۇرتداش، بىر يۇرتلۇق، ۋەتەنداش.

أَيُّهَا الْمُوَاطِنُونَ الأَحْرَارُ: ئەركىن ۋەتەنداشلار.

مُوَاظِبٌ: داۋاملاشتۇرغۇچى، ھەمىشە قىلغۇچى.

مُوَافَاةٌ: كەلمەك، يېتىپ كەلمەك، ئۇشتۇمتۇت كەلمەك.

طَلَبَ الْوَزِيرُ مُوَافَاتَهُ بِالْمِلَفِّ: مىنىستىر ئۇنىڭ ئارخىپىنى ئېلىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

مُوَافِقٌ: مۇۋاپىق، مۇناسىپ، يارامىلىق، ئۇيغۇنلۇق، قوشۇلغۇچى.

مُوَافِقٌ عَلَى الْقَرَارِ: قارارغا قوشۇلغۇچى.

النُّوَّابُ الْمُوَافِقُونَ عَلَى قَانُونِ الْمِيزَانِيَّةِ: ھۆكۈمەت خام چوتىنى ماقۇللىغۇچى ۋەكىللەر.

مُوَافَقَةٌ: قوشۇلماق، ماقۇل بولماق، قوبول قىلماق.

مُوَاقَعَةٌ: جىنسىي ئالاقە قىلماق، جىنسىي مۇناسىۋەت.

مَوَاقِيتُ: ۋاقىت جەدۋىلى.

مُوَاكِلٌ: قابىلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز.

مُوَالَاةٌ: دوستلاشماق، ياردەم بەرمەك، ئەگەشمەك، داۋاملاشتۇرماق.

مُوَالٍ: قوللىغۇچى، ياردەمچى، ھىمايە قىلغۇچى، ئەگەشكۈچى.

مُوَالٍ لِلْقَانُونِ: قانۇنغا بويسۇنغۇچى.

مَوْئِلٌ ج مَوَائِلُ: پاناھگاھ، ئازگال، كېلىپ چىقىشى.

﴿لَنْ يَجِدُوا مِن دُونِهِ مَوْئِلاً﴾ ‹قرآن›: ئۇلار ئاللاھدىن بۆلەك ھېچ پاناھگاھ تاپالمايدۇ.

مَوْأَلَةٌ: پاناھگاھ، چىقىش يولى.

مَوْؤُودَةٌ: تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز.

﴿وَإِذَا الْمَوْؤُودَةُ سُئِلَتْ بِأَيِّ ذَنبٍ قُتِلَتْ﴾ ‹قۇرئان›: تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن سەن قايسى گۇناھ بىلەن كۆمۈلدۈڭ؟ — دەپ سورالغان چاغدا.

مَوْبِقٌ ج مَوَابِقُ: ھالاكەتلىك جاي، تۈرمە، تۇسما، زىندان.

﴿وَجَعَلْنَا بَيْنَهُم مَّوْبِقاً﴾ ‹قۇرئان›: بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (ئۇلار ئۆتەلمەيدىغان) ھالاكەتلىك جاينى پەيدا قىلدۇق.

مُوْبِقَةٌ ج مُوْبِقَاتٌ: جىنايەت، گۇناھ، ئەيىب، خاتالىق، رەزىل ھەرىكەت. ئىپلاس قىلىق؛ ھالاك قىلىدىغان.

مَوْبِلٌ: تۇقماق، كالتەك.

مَوْبُوْءٌ: يۇقۇملانغان، ۋابا كېسەللىكىگە دۇچار بولغان.

وَسَطٌ مَوْبُوْءٌ بِالْغَازَاتِ السَّامَّةِ: زەھەرلىك گاز بىلەن بۇلغانغان مۇھىت.

مَوْتٌ: ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، ئۆلتۈرمەك، قورقۇنچ، غەم-قايغۇ.

مَوْتٌ أَبْيَضُ: تەبىئىي ئۆلۈم، ئوشتۇمتۇت ئۆلۈم.

الْمَوْتُ الأَحْمَرُ: قىرغىنچىلىق.

مَوْتٌ أَسْوَدُ: دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەك، بوغۇپ ئۆلتۈرمەك.

مَوْتٌ زُؤَامٌ: قورقۇنچلۇق ئۆلۈم.

آخِرُ الْحَيَاةِ الْمَوْتُ: ھاياتنىڭ ئاخىرى ئۆلۈمدۇر.

صَحْوَةُ الْمَوْتِ: كۆز يېتىش ئالدىدىكى ئەكس نۇر، ئۆلۈم ئالدىدىكى جانلىنىشقا ياكى كونا شەيئىنىڭ يوقىلىش ئالدىدىكى ۋاقىتلىق گۈللىنىش ھادىسىسىگە تەمسىل قىلىنىدۇ.

نِسْبَةُ الْمَوْتِ: ئۆلۈش نىسبىتى.

مُوْتَانٌ . مَوَتَانٌ: ئۆلۈم، بوز يەر.

إِشْتَرِ مِنَ الْمَوْتَانِ وَلاَ تَشْتَرِ مِنَ الْحَيَوَانِ: چارۋا قىلغاندىن كۆرە قاقاس بولسىمۇ يەر سېتىۋال.

مَوْتَانُ الْفُؤَادِ: دۆت، گال.

مَوْتَةٌ ج مَوْتَاتٌ: ئۆلۈم ھالىتى، ئۆلۈمنىڭ تۈرى.

مَوْتَمَةٌ ج مَوَاتِمُ: تۈرلۈك.

مَوْتُوْرٌ: دىلى ئاغرىغان، دىلى ئازار يېگەن، دەردمەن.

مُوْتُوْرٌ: موتسىكلىت.

يَسِيْرُ الْمُوْتُوْرُ بِسُرْعَةٍ فَائِقَةٍ فِي الشَّوَارِعِ: موتسىكلىت كوچىلاردا تېز سۈرئەتتە چاپىدۇ.

مُوَثِّقٌ: گۇۋاھچى، شاھىت.

مُوْثِقٌ ج مَوَاثِقُ وَمَيَاثِقُ: شەرتنامە، توختام، كېلىشىم.

مَوْثُوْقٌ بِهِ: ئىشەنچلىك.

رِجَالٌ مَوْثُوْقٌ بِهِ: ئىشەنچلىك ئادەملەر.

الْمَصَادِرُ الْمَوْثُوْقَةُ بِهَا: ئىشەنچلىك مەنبەلەر.

هَذَا خَبَرٌ مِنْ مَصْدَرٍ مَوْثُوْقٍ بِهِ: بۇ ئىشەنچلىك مەنبەدىن ئېلىنغان خەۋەر.

دَابَّةٌ مَوْثُوْقَةٌ: باغلاپ قويۇلغان ھايۋان.

مَوْجٌ ج أَمْوَاجٌ: دولقۇن، مەۋج، ئۆركەش.

﴿وَجَاءهُمُ الْمَوْجُ مِن كُلِّ مَكَانٍ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالدۇ.

الأَمْوَاجُ الصَّوْتِيَّةُ: ئاۋاز دولقۇنلىرى.

مَوْجِبٌ ج مَوَاجِبُ: ئۆلۈم، ھالاكەت.

مُوْجِبٌ ج مُوْجِبَاتٌ: سەۋەب، ئاساس، غەرەز، تەقەززا قىلغۇچى.

بِمُوْجِبِ: بويىچە، بىنائەن، ئاساسەن.

عَمَلٌ مُوْجِبٌ لِلتَّوْبِيْخِ: ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ھەرىكەت.

مُوْجِبَاتُ الْغُسْلِ: غۇسۇل پەرز بولىدىغان ئىشلار.

لَيْسَ هُنَالِكَ مُوْجِبٌ لِغَضَبِكَ: ئاچچىقلىنىشىڭنىڭ

ئورنى يوق.

بِمُوْجِبِ كَذَا: .... ئاساسەن، .... بويىچە.

بِمُوْجِبِ الْقَانُوْنِ: قانون بويىچە.

مُوْجَبٌ: مۇسبەت ئېلېكتر، مۇسبەت زەرەت.

قُطْبٌ مُوْجَبٌ: مۇسبەت قۇتۇپ.

مُوْجَبٌ (عَنِ الْكَلَامِ): بولۇشلۇق جۈملە، ئىجابىي تەرەپ.

مُوْجَبَةٌ: ھۆكۈم، جۈملە.

مُوْجِبَةٌ ج مُوْجِبَاتٌ: دوزاخقا كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان چوڭ گۇناھلار.

مَوْجَةٌ ج مَوْجَاتٌ: بىر دولقۇن، دولقۇن.

مَوْجَةٌ قَصِيْرَةٌ: قىسقا دولقۇن.

مَوْجَةٌ مُتَوَسِّطَةٌ: ئوتتۇرا دولقۇن.

مَوْجَةٌ طَوِيْلَةٌ: ئۇزۇن دولقۇن.

مَوْجَةُ الشَّبَابِ: ياشلىق چاغلار، ياشلىق باھارى، قىران ۋاقتى.

مُوَجِّهٌ ج مُوَجِّهُوْنَ: رولچى، يېتەكچى.

مُوَجَّهٌ: ئەۋەتىلگەن، يوللانغان.

خِطَابٌ مُوَجَّهٌ إِلَى رَئِيْسِ الدَّوْلَةِ: دۆلەت رەئىسىگە يوللانغان خەت.

إِقْتِصَادٌ مُوَجَّهٌ: پىلانلىق ئىگىلىك.

مُوْجِدٌ: ياراتقۇچى، كەشپىياتچى، ئىجادىيەتچى.

مُوْجِدُ الْكَائِنَاتِ: كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاھ.

مَوْجِدَةٌ: ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت.

مُوْجَزٌ ج مَوَاجِزُ: يىغىنچاق، قىسقا، ئىخچام.

أَرْدَفَ بَحْثَهُ بِمُوْجَزٍ فِيْهِ مَا قَلَّ وَدَلَّ: ئىلمىي ماقالىسىنى مەزمۇنلۇق ئىخچام رەۋىشتە خۇلاسىلىدى.

«تُقَدِّمُ الْإِذَاعَةُ مَوَاجِزَ لِلْأَخْبَارِ كُلَّ سَاعَةٍ»: رادىئو ھەر سائەتتە قىسقا خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىپ تۇرىدۇ.

مُوْجِعٌ: ئازاب، ئازابلىق، ئەلەملىك.

مَوْجِلُ الْمَاءِ ج مَآجِلُ: سازلىق، پاتقاقلىق.

مَوْجُوْدٌ: مەۋجۇت، ھازىر بار بولغان، كەشىپ قىلىنغان، پەيدا بولغان.

مَوْجُوْدٌ فِي الْيَدِ: ھازىر قولدا بار، نەق بار.

مَوْجُوْدٌ فِي الْمَتْجَرِ: زاپاس مال، ساقلانغان مال.

لَا يَزَالُ التَّمْيِيْزُ الْعُنْصُرِيّ مَوْجُوْدًا فِي بَعْضِ الْأَمَاكِنِ فِي الْعَالَمِ: دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا ئىرقىي ئايرىمىچىلىق يەنىلا مەۋجۇت.

الْمَوْجُوْدَاتُ: دۇنيادا بار شەيئىلەر، كائىناتتىكى بار نەرسىلەر.

مَوْجُوْعٌ: ئاغرىق، كېسەل.

الضِّرْسُ الْمَوْجُوْعُ: ئاغرىق چىش.

مُوَحِّدٌ ج مُوَحِّدُوْنَ: بىرلىككە كەلتۈرگۈچى، بىر مەنبەچىلىك تەرەپدارى، ئاللاھنى بىر دەپ بىلگۈچى.

مُوَحَّدٌ: بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن، بىرلەشتۈرۈلگەن، ئىتتىپاقلاشتۇرۇلغان.

مُوَحَّفٌ: ئاجىز، ئورۇق.

جَمَلٌ مُوَحَّفٌ: ئورۇق تۆگە.

مُوْحِشٌ: چۆل، جەزىرە، قايغۇلۇق، غەمكىن.

مَوْحِفٌ ج مَوَاحِفُ: تۆگە چۆكتۈرىدىغان جاي.

مُوْحِلٌ: پاتقاقلىق.

مُوْحًى بِهِ: ۋەھيى قىلىنغان، بېشارەت بېرىلگەن، ئىلھام بېرىلگەن.

مَوَدَّةٌ: دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق، مۇھەببەت.

أَوَاصِرُ الْمَوَدَّةِ: دوستلۇق مۇناسىۋىتى.

﴿وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَوَدَّةً وَرَحْمَةً﴾ «قۇرئان»: ئاراڭلاردا مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى.

مُوَدِّعٌ: ھاۋالە قىلغۇچى، ئامانەت قويغۇچى، ئۇزاتقۇچى.

الْمُوْدَعُ لَدَيْهِ: ئامبارچى، ساقلىغۇچى، ھاۋالە قىلىنغۇچى.

مُوْدٍ م مُوْدِيَةٌ: ھالاك بولغۇچى؛ يولۋاس؛ ئىنئام

قىلغۇچى.

مَوْرِدٌ ج مَوَارِدُ: مەنبە، بۇلاق، بايلىق، كېچىك، كىرىم.

مَوْرِدُ الْمَاءِ: سۇ مەنبەسى.

مَوَارِدُ بَشَرِيَّةٌ وَمَادِيَّةٌ: ئادەم ۋە ماددىي بايلىقلار.

مَوَارِدُ طَبِيعِيَّةٌ: تەبىئىي بايلىقلار.

مَوَارِدُ الْخَامَاتِ: خام ئەشيا مەنبەلىرى.

مَوَارِدٌ مَالِيَّةٌ: مالىيە مەنبەسى.

مَوْرِدَةٌ: سۇ مەنبەسى، سۇ يولى، داغدام يول، خەتەرلىك جاي، كىرىم.

مُـوَرِّثٌ: مىراس قالدۇرغۇچى، ۋارىسلىق قىلدۇرغۇچى.

مُوَرَّثٌ: ۋارىسلىق قىلىنغۇچى.

مُوَرِّثَةٌ ج مُوَرِّثَاتٌ: ئىرسىيەت، ئىرسىي، گېن.

مُوَرِّدٌ: كۆتۈرە ئالغۇچى، ھۆددىگەر.

مُوَرَّدٌ: قىزىل گۈل رەڭلىك.

مُوَرَّسٌ: زەرچىۋە بىلەن بويالغان.

مُوَرَّطٌ: قىيىن ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالغان.

مُوَرِّقٌ: قەغەز ساتقۇچى.

مُوَرَّمٌ: ئىششىپ قالغان، ئۆسمە.

مُوْرِقٌ: يوپۇرماقلىق.

أَشْجَارُهَا مُوْرِقَةٌ: دەرەخلىرى ياراقسان.

الْأَشْجَارُ مُوْرِقَةٌ أَغْصَانُهَا: دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى يوپۇرماقلىق.

مُوَرْنَبٌ: توشقانلىق جاي.

مَوْرُوبٌ: قىڭغىر.

مَوْرُوثٌ: ۋارىسلىق قىلىنغۇچى.

مَوْرُوطٌ: قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.

مَوْرُوٌّ: ئۆپكىسى ئىششىپ قالغان ئادەم.

مَوْرِيٌّ: ئۆپكىسى ئىششىپ قالغان ئادەم.

مَوْزٌ: بانان.

مَوْزَةٌ ج مَوْزَاتٌ: بىر تال بانان.

مُوَزِّعُ الْبَرِيدِ: پوچتىكەش.

مُوْزُوْرٌ: گۇناھكار، جىنايەت گۇماندارى.

مَـوْزُوْنٌ: تەكشى، تەكپۈك، ئۆلچەنگەن، قاپىيىلىك.

كَلَامٌ مَوْزُوْنٌ: قاپىيىلىك سۆز، چوڭقۇر پىكىر قىلىنغان سۆز.

﴿وَأَنْبَتْنَا فِيهَا مِنْ كُلِّ شَيْءٍ مَوْزُونٍ﴾ «قرآن»: يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق.

مُوْسِرٌ: باي، پۇلدار.

مُوَسِّعَةُ الْحِذَاءِ: ئاياغ كېيىم قېلىپى.

مُوْسِعٌ: باي، پۇلدار.

﴿عَلَى الْمُوسِعِ قَدَرُهُ وَعَلَى الْمُقْتِرِ قَدَرُهُ﴾ «قرآن»: باي ئۆز ھالىغا يارىشا، كەمبەغەلمۇ ئۆز ھالىغا يارىشا.

مَوْسِمٌ ج مَوَاسِمُ: پەسىل، مەزگىل، مەۋسۇم، بەرمەنگە.

مَوْسِمُ الْحَصَادِ: يىغىم ۋاقتى.

مَوْسِمُ الْحَجِّ: ھەج مەۋسۇمى.

مَوْسِمِيٌّ: مەۋسۇملۇق، پەسىللىك، پەسىل خاراكتېرلىك.

مُوَسْوَسٌ: مالىخولىيا كېسەللىكىگە دۇچار بولغۇچى.

مَوْسُوْعَةٌ ج مَوْسُوْعَاتٌ: قامۇس، ئېنسىكلوپېدىيە.

مَوْسُوْعَةٌ لُغَوِيَّةٌ: لۇغەت خەزىنىسى.

الْمَوْسُوْعَةُ الْإِسْلَامِيَّةُ: ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى.

مَوْسُوْعِيٌّ: ئېنسىكلوپېدىيىلىك.

مُؤَلِّفٌ مَوْسُوْعِيٌّ: بىلىم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ مۇئەللىپ.

مَوْسُوْقٌ: قاچىلانغان، يۈكلەنگەن.

مَوْسُوْمٌ: تامغا بېسىلغان، ئەن سېلىنغان، بەلگە قويۇلغان.

مُوْسَى ج مَوَاسِي: ئۇستىرا.

كُلّ وَزِيْرٍ مُوْسَى إِلَّا وَزِيْرَ مُوْسَى: ھارۇن ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەممە ۋەزىر ئۇستىرىدۇر.

مُوْسَى الْأَمْنِ: بىخەتەرلىك ئۇستىرىسى.

مُوْسِيْقَار: مۇزىكانت، مۇزىكىشۇناس.

مُوْسِيْقَى ج مُوْسِيْقَاتٌ: مۇزىكا.

مُوْسِيْقِيٌّ: مۇزىكانت، مۇزىكىشۇناس.

مُؤَلِّفُ الْمُوْسِيْقِيِّ: مۇزىكا ئىجادچىسى، كومپوزىتور.

مُوْسِيْقِيَّةٌ: مۇزىكا خاراكتېرلىك.

آلَةٌ مُوْسِيْقِيَّةٌ: چالغۇ ئەسۋابى.

مُوَشَّحٌ ج مُوَشَّحَاتٌ: چاچما شېئىرغا ئوخشايدىغان قاپىيە بىلەن چەكلەنمەيدىغان، بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، بۇنى ئەندۇلۇس (ئىسپانىيە) ئەرەب ئەدىبلىرى ئۆز زامانىسىدا، ئىجاد قىلغان.

مُوَشَّحٌ مُوْسِيْقِيٌّ: باشلىنىش مۇزىكىسى.

مُوَشَّحَةٌ ج مُوَشَّحَاتٌ: مۇۋەششەھ شەكلىدە يېزىلغان قەسىدە.

مُوَشَّى: بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن، كەشتىلەنگەن.

فُسْتَانٌ مُوَشَّى بِالْفِضَّةِ: كۈمۈش بىلەن كەشتىلەنگەن ئاياللچە كۆڭلەك.

مَشْوُرٌ ج مَوَاشِرُ: پىرامىدا، ئۈچ قىرلىق ئەينەك.

مُوْصَدٌ: سولانغان، قۇلۇپلانغان.

مُوَصِّلٌ: تۇتاشتۇرغۇچى، ئۇلىغۇچى، ئالاقە باغلىغۇچى، ئېلىپ كەلگۈچى.

مُوَصِّلٌ (فِي عِلْمِ الطَّبِيْعَةِ): ئۆتكۈزگۈچ جىسىم.

مُوَصِّلٌ رَدِيْءٌ: ئۆتكۈزمەس جىسىم.

شِبْهُ مُوَصِّلٍ: يېرىم ئۆتكۈزۈش جىسىم.

مُوَصٍّ: ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى.

مُوْصِلٌ: تۇتاشتۇرغۇچى، ئۇلىغۇچى، باغلىغۇچى، ئېلىپ كەلگۈچى، ئېلىپ بارغۇچى.

مَوْصِلٌ ج مَوَاصِلُ: ئۇلانغان جاي، بىرلەشكەن جاي، ئۇگە، بوغۇم.

مَوْصِلُ الذِّرَاعِ بِالْكَتِفِ: بىلەك بىلەن مۈرىنىڭ تۇتاشقان جايى.

مَوْصُوْفٌ: سۈپەتلەنگەن، تەسۋىرلەنگەن.

الْإِسْمُ الْمَوْصُوْفُ: سۈپەتلەنگۈچى ئىسىم.

مَوْصُوْلٌ: باغلانغان، ئۇلانغان، تۇتاشقان، بىرلەشكەن.

الْإِسْمُ الْمَوْصُوْلُ: باغلىغۇچى ئىسىم.

أَيَّامٌ مَوْصُوْلَةٌ: تۇتاش كۈنلەر.

مُوْصٍ: ۋەسىيەت قالدۇرغۇچى.

﴿فَمَنْ خَافَ مِن مُّوصٍ جَنَفاً أَوْ إِثْماً﴾ «قرآن»: كىمكى ۋەسىيەت قىلغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى ياكى قەستەن ناتوغرا قىلغانلىقىنى بىلىپ ...

مُوْصًى بِهِ: ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇلغان مىراس.

مُوْصًى إِلَيْهِ: مىراسنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغۇچى ئادەم.

مُوْصًى عَلَيْهِ: خاتىرىلەنگەن، زاكاز قىلىنغان.

رِسَالَةٌ مُوْصًى عَلَيْهَا: زاكاز خەت.

مُوْضَةٌ: پاسون، فورما، ياڭزا، شەكىل، مودېل، ئۈلگە، نەمۇنە.

مُوَضَّحٌ: چۈشەندۈرۈلگەن، ئىزاھلانغان.

مُوَضَّحٌ بِعَالِيْهِ: يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك.

مَوْضَعٌ / مَوْضِعٌ ج مَوَاضِعُ: ئورۇن، جاي، ماكان.

وَضْعُ الْإِحْسَانِ فِي غَيْرِ مَوْضِعِهِ ظُلْمٌ: ئۆز جايىدا قىلىنمىغان ياخشىلىق زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ.

هَذَا الْكَلَامُ فِي مَوْضِعِهِ: بۇ جايىدا بولغان سۆز.

كَانَ مَوْضِعَ حَفَاوَةٍ وَتَقْدِيْرٍ: قارشى ئېلىندى.

هِيَ مَوْضِعُ أَعْجَابِ الْجَمِيْعِ: ئۇنى ھەممە ئالقىشلىدى.

الْمَوْضِعُ الْجُغْرَافِيّ: جۇغراپىيىلىك ئورۇن.

مَوْضِعُ الْجَدَلِ: دەتالاشنىڭ تېمىسى.

مَوَاضِعُ الضَّعْفِ: ئاجىزلىق نۇقتىلىرى.

﴿يُحَرِّفُونَ الْكَلِمَ عَن مَّوَاضِعِهِ﴾ ‹قرآن›: كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار.

مَوْضِعِيٌّ: جايىلىق، ئورۇنلۇق، قىسمەن.

تَخْدِيرٌ مَوضِعِيٌّ: يېرىم مەست قىلماق.

مَوْضُوعٌ م مَوْضُوعَةٌ ج مَوْضُوعَاتٌ وَمَوَاضِيعُ: قويۇلىدىغان، ئورنىتىلغان، بېكىتىلگەن؛ توقۇپ چىقىرىلغان، مەسىلە، ماۋزۇ.

طَرَقَ الْمَوْضُوعَ بِدِقَّةٍ: ماۋزۇ ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن توختالدى.

هَذَا الْكَلَامُ فِي صُلْبِ الْمَوْضُوعِ: بۇ سۆز ماۋزۇنىڭ ئاساسىي قىسمى.

فِهْرِسُ الْمَوْضُوعَاتِ: مۇندەرىجە.

﴿وَأَكْوَابٌ مَّوْضُوعَةٌ﴾ ‹قرآن›: قاتار تىزىلغان قەدەھلەر بار.

مَوْضُوعِيٌّ: ئوبيېكتىپ.

رَأْيٌ مَوْضُوعِيٌّ: ئوبيېكتىپ پىكىر.

حَلَّ الْوَضْعَ تَحْلِيْلًا مَوْضُوعِيًّا: ئەھۋالنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلدى.

مَوْضُوعِيَّةٌ: ئوبيېكتىپلىق، ئوبيېكتىۋىزملىق.

مَوْضُونَةٌ: توقۇلغان.

سُرُرٌ مَوْضُونَةٌ: (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر .

﴿عَلَى سُرُرٍ مَّوْضُونَةٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇلار (ئالتۇندىن) توقۇلغان تەختلەر ئۈستىگە.

مَوْطَأٌ ج مَوَاطِئُ وَمَوْطِئٌ: باسقۇچ، پېدال، پۇت ئىزى.

لَيْسَ فِي السَّاحَةِ مَوْطِئٌ لِلْقَدَمِ: مەيداندا قەدەم ئىزى يوق.

﴿وَلاَ يَطَؤُونَ مَوْطِئاً يَغِيظُ الْكُفَّارَ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى.

مَوْطِنٌ ج مَوَاطِنُ: تۇرالغۇ جاي، يۇرت، تۇغۇلغان يەر، ۋەتەن.

مَوْطِنُ الضَّعْفِ: ئاجىزلىق نۇقتا.

وَضَعَ يَدَهُ عَلَى مَوْطِنِ الدَّاءِ: قولىنى ئاغرىغان جايغا قويدى.

مَوْطِنُ الْحَيَوَانِ: ھايۋاناتلار ماكانى.

مَوْطِنُ الْفَحْمِ الْحَجَرِيِّ: كۆمۈرلۈك، تاش كۆمۈر كانى.

مَوَاطِنُ الْإِنْسَانِ: يۇرتداش، ۋەتەنداش.

حُقُوقُ الْمَوَاطِنِ: گراژدانلىق ھوقۇقى.

﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ھەقىقەتەن ياردەم بەردى.

مَوْطُوءٌ: دەسسەلگەن، چەيلەنگەن.

مُوَظَّفٌ: خىزمەتچى، تەيىنلەنگەن، ۋەزىپىگە قويۇلغان.

مُوَظَّفُ حُكُومَةٍ: دۆلەت خادىمى.

نِقَابَةُ الْمُوَظَّفِيْنَ: خىزمەتچىلەر ئۇيۇشمىسى .

الْمُوَظَّفُ الْمُخْلِصُ نَاجِحٌ: سەممىي خىزمەتچى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىدۇر.

مَوْعِدٌ ـ مَوْعِدَةٌ ج مَوَاعِدُ: ۋەدە، توختام، ۋەدە قىلىنغان جاي، ۋەدە قىلىنغان ۋاقىت.

كَانَ عَلَى الْمَوْعِدِ: ۋەدە قىلىپ قويغان.

حَضَرَ قَبْلَ الْمَوْعِدِ: ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتىن بۇرۇن كەلدى.

﴿بَلْ زَعَمْتُمْ أَلَّن نَّجْعَلَ لَكُم مَّوْعِداً﴾ ‹قرآن›: بەلكى سىلەر سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان چاغنى بېكىتمەيدۇ دەپ ئويلىغانسىلەر (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، ھېساب بېرىش، جازاغا تارتىلىش يوق دەپ ئويلىغانسىلەر).

وَفَى بِمَوْعِدِهِ: ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى، ۋەدىسىدە تۇردى.

مُوْعِز: ئېسكه سالغۇچى، يوشۇرۇن بىلدۈرگۈچى.

مَوْعَزٌ بِهِ: تاپشۇرۇلغان، بۇيرۇلغان، كۆرسىتىلگەن.

«تَوْصِيَةٌ مُوْعَزٌ بِهَا»: كۆرسىتىلگەن تاپشۇرۇق.

مَوْعِظَةٌ ج مَوَاعِظُ: نەسىھەت، ۋەز-نەسىھەت.

﴿أُدْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ﴾ ‹قرآن›: پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن.

مُوْعَثٌ: قىيىن، تەس.

مَوْعُودٌ: ۋەدىلەشكەن، ۋەدە قىلىنغان.

الْيَوْمُ الْمَوْعُودُ: قىيامەت كۈنى.

جَائِزَةٌ مَوْعُودَةٌ: ۋەدە قىلىنغان مۇكاپات.

مَوْعُوكٌ: ساقسىز، كېسەل.

مُوْغِلٌ ج مُوْغِلُوْنَ: تۈپيۈقسىز كىرگۈچى، ئىتتىلىپ كىرگۈچى، ئىچكىرىلەپ كىرگۈچى، يىراق.

هُمْ مُوْغِلُوْنَ فِي الْجِبَالِ: ئۇلار تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرگۈچىلەر.

مُوْفَدٌ ج مُوْفَدُوْنَ: ۋەكىل، ھۆكۈمەت ياكى بىر سىياسىي تەشكىلاتتىن ئەۋەتىلگەن ئادەم.

فُلَانٌ مُوْفَدٌ مِنْ قِبَلِ الْمُدِيرِ الْعَامِّ لِلْمُنَظَّمَةِ: پالانى مۇئەسسەسە باش مۇدىر تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ۋەكىل.

مُوَفَّقٌ: ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈلدىكىدەك.

غَيْرُ مُوَفَّقٍ: ئوڭۇشسىز.

مُوَفًّى: تولۇق، ئاخىرى.

يَتَقَاضَى الْعَامِلُ أُجْرَتَهُ مُوَفًّى فِي كُلِّ أُسْبُوْعٍ: ئىشچى ئىش ھەققىنى ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق ئالىدۇ.

﴿وَإِنَّا لَمُوَفُّوهُمْ نَصِيبَهُمْ غَيْرَ مَنْقُوصٍ﴾ ‹قرآن›: بىز ئۇلارنىڭ (ئازابتىن) تېگىشلىك نېسىۋىسىنى چوقۇم كېمەيتمەي بېرىمىز.

مُوَفَّى الشَّهْرِ: ئاي ئاخىرى.

مُوَفَّى هَذَا الْعَامِ: مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرى.

مَوْفُوْرٌ: كۆپ، مول، يېتەرلىك، تولۇق.

رَجُلٌ مَوْفُوْرُ الْكَرَامَةِ: ھۆرمەتلىك ئادەم.

﴿فَـإِنَّ جَهَـنَّمَ جَـزَاؤُكُمْ جَـزَاءً مَّوْفُـوراً﴾ ‹قـرآن›: (جەھەننەم ساڭا ۋە ئۇلارغا) بېرىلگەن تولۇق جازادۇر.

مُوْقٌ ج أَمْوَاقٌ: كالاچ، ياش يوللىرى (كۆزنىڭ)، قاناتلىق چۈمۈلە، توپا-چاڭ.

مُوْقُ الْعَيْنِ: كۆزنىڭ قۇيرۇقى، كۆز بۇرجىكى.

مُوْقِـتٌ ج مَوَاقِيْـتُ: بەلگىلىـك، مۇددەتلىـك، قەرەللىك، بەلگىلەنگەن ۋاقىت.

مُوْقِدٌ ج مَوَاقِدُ: ئوچاق، مەش، پېچ.

مُوْقِدُ الْغَازِ: گاز ئوچاق.

مَوَاقِدُ كَهْرَبَائِيَّةٌ: توك ئوچاق، توك مەش.

مُوْقَدَةٌ: ياندۇرۇلغان.

﴿نَارُ اللَّهِ الْمُوقَدَةُ الَّتِي تَطَّلِعُ عَلَى الْأَفْئِدَةِ﴾ ‹قرآن›: ئۇ ئاللاھنىڭ ياندۇرغان ئوتىدۇركى (ئۇنىڭ ئەلەمى) يۈرەكلەرگە يېتىپ بارىدۇ.

مَوْقِعٌ ج مَوَاقِعُ: ئورۇن ، مەيدان، ئىش ئورنى.

مَوْقِعُ الْحَرْبِ: ئۇرۇش مەيدانى، فرونت، جەڭگاھ.

وَقَعَ الشَّيْءُ مَوْقِعَهُ: ئۆز ئورنىغا چۈشتى، جايىدا بولدى.

عَلَى الْمَـرْءِ أَلَّا يَتْـرُكَ مَوْقِـعَ عَمَلِـهِ دُوْنَ أَنْ يَأْخُـذَ إِذْنًـا: كىشى رۇخسەتسىز ئىش ئورنىدىن ئايرىلماسلىقى كېرەك.

هَـذِهِ الْجَزِيْـرَةُ لَيْسَـتْ كَبِيْـرَةً وَلَكِـنْ مَوْقِعُهَـا الْجُغْرَافِـي جَعَلَهَـا ذَاتَ أَهْمِيَـةٍ كَبِيْـرَةٍ: بـۇ ئـارال چـوڭ بولمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم.

﴿فَلَا أُقْسِمُ بِمَوَاقِعِ النُّجُومِ﴾ ‹قرآن›: يۇلتۇزلارنىڭ جايلىرى بىلەن قەسەم قىلىمەن.

مَوْقِعَةٌ / مَوْقِعَةٌ ج مَوَاقِعُ: چۈشۈش جايى، ئۇرۇش

توقۇنۇشى.

مَوْقَعَةُ الطَّائِرِ: قۇش ئۇۋىسى، قۇش قونىدىغان جاي.

رَبِحَ الْقَائِدُ مَوْقَعَةً ذَاتَ شَأْنٍ: قوماندان ئالاھىدە ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

مَوْقِفٌ ج مَوَاقِفُ: ئورۇن، ھالەت، ئەھۋال، مەيدان، پوزىتسىيە، بېكەت، ئىستانسا.

مَوْقِفُ السَّيَّارَاتِ: ماشىنا بېكىتى.

الْمَوْقِفُ السِّيَاسِيّ: سىياسىي مەيدان، سىياسىي پوزىتسىيە.

مَوْقِفٌ عُمُومِيٌّ لِلدَّرَّاجَاتِ: ۋېلسىپىت قويىدىغان ئورۇن.

الْحَمَاسَةُ وَحْدَهَا لَا تَكْفِي فَلَا بُدَّ مِنْ مَوْقِفٍ عِلْمِيٍّ أَيْضًا: يالغۇز قىزغىنلىقلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئىلمىي پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك.

مَوْقِفٌ مُحْرِجٌ: قىيىن ھالەت.

مَوْقِفٌ وُدِّيٌّ: دوستانە پوزىتسىيە.

هَذَا هُوَ الْمَوْقِفُ الصَّحِيحُ الْوَحِيدُ الْقَائِمُ عَلَى الْمَبْدَأِ: ئۇ بىردىنبىر توغرا پرىنسىپال مەيدان.

مَوْقِفُ الدِّفَاعِ عَنِ الذَّاتِ: ئۆزىنى قوغداش مەيدانى.

لَقَدْ طَرَأَ تَحَسُّنٌ مَلْحُوظٌ عَلَى مَوْقِفِهِ تِجَاهَ الزَّبَائِنِ: ئۇنىڭ خېرىدارلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولدى.

إِتَّخَذَ مَوْقِفًا مِنْ كَذَا: قارار قوبۇل قىلدى.

مَوَاقِفُ عَدَائِيَّةٌ: دۈشمەنلىك پوزىتسىيە.

مَوَاقِفُ مُؤَثِّرَةٌ: تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر.

مُوَقِّتٌ: ۋاقىتقا رىئايە قىلغۇچى.

مُوَقَّتٌ: ۋاقىتلىق.

مُوَقَّتًا: ۋاقىتلىق، ۋاقىتنچە.

حُكُومَةٌ مُوَقَّتَةٌ: ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت.

مُوَقَّرٌ ج مُوَقَّرُونَ: تەمكىن، ۋەزمىن، تەجرىبىلىك، پىشقان.

عَالِمٌ مُوَقَّرٌ: تەمكىن ئالىم، پىشقان ئالىم.

مُوَقِّعٌ: ئىمزا قويغۇچى، قول قويغۇچى.

مُوَقَّعٌ عَلَيْهِ: ئىمزا قويۇلغان.

مُوقِنٌ: ئىشەنگۈچى، جەزم قىلغۇچى.

مَوْقُوتٌ: ۋاقىتلىق، بەلگىلىك مۇددەت.

﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾ ‹قرآن›: شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.

قُنْبُلَةٌ مَوْقُوتَةٌ: مۇددەتلىك پارتلايدىغان بومبا.

مَوْقُودٌ: يانغان، كۆيگەن، يورۇغان.

مَوْقُوذٌ: ئۆلەي دەپ قالغان كېسەل.

مَوْقُوذَةٌ: توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن قوي.

﴿وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھدىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ھارام قىلىندى.

مَوْقُوفٌ ج مَوْقُوفُونَ: توختىتىلغان، چەكلەنگەن، ۋەخپە قىلىنغان.

أَرْضٌ مَوْقُوفَةٌ عَلَى جَامِعِ الْقَرْيَةِ: يۇرت جامەسىگە قىلىنغان ۋەخپە.

الْمَسْأَلَةُ مَوْقُوفَةٌ عَلَى مُوَافَقَتِهِ: مەسىلە ئۇنىڭ قوشۇلۇشىغا باغلىق.

﴿وَلَوْ تَرَى إِذِ الظَّالِمُونَ مَوْقُوفُونَ عِنْدَ رَبِّهِمْ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر زالىملارنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا توختىتىپ قويۇلغان چاغدىكى ئەھۋالىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ.

مَوْكِبٌ ج مَوَاكِبُ: رەت، قاتار، سەپ، توپ، جامائە.

مَوْكِبُ الْجِنَازَةِ: مېيىت ئۇزىتىش جامائەسى.

مَوْكِبُ الْعُرْسِ: توي جامائىتى.

الْمَوْكِبُ الرِّئَاسِيّ: ھۆرمەت قاراۋۇلى.

مَوْكِبٌ هُمَايُونٌ: شاھلارغا خاس ئەسكەرلەر گورۇھى.

«يَا لَهُ مِنْ مَنْظَرٍ شَاهَدْتُهُ مِنْ جَمَالِ وَجَلاَلِ الْمَوْكِبِ»: مەن كۆرگەن شاھانە كۆرۈنۈش نېمىدېگەن قالتىس، ھە!

مُوَكِّلٌ: ھاۋالە قىلغۇچى، تاپشۇرغۇچى.

مُوَكِّلٌ عَلَى اللهِ: ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلغۇچى.

مَوْكِنٌ . مَوْكِنَةٌ: ئۇۋا، چاڭگا.

مَوْكُولٌ: تاپشۇرۇلغان، ۋەكىل قىلىنغان، ھاۋالە قىلىنغان.

مَوْلِجٌ ج مَوَالِجُ: كىرىش ئېغىزى.

مَوْلِدٌ: تۇغۇلۇش، دۇنياغا كېلىش.

«بِسَمَ الزَّمَانُ بِمَوْلِدِ الْمُخْتَارِ وَالْكَوْنُ أَشْرَقَ لَيْلُهُ كَنَهَارٍ»: ئاللاھ تاللىغان زات (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن زامان كۈلۈمسىرىدى، كائىنات يورۇپ، زۇلمەت كېچىلەر يوپيورۇق كۈندۈزلەرگە ئايلاندى.

مَوْلِدٌ ج مَوَالِدُ: تۇغۇلغان جاي، تۇغۇلغان ۋاقىت.

لُغَةُ الْمَوْلِدِ: يەرلىك تىل.

مُولِّصٌ ج مَوَالِصُ: دولقۇن توسمىسى، دامبا.

مُولَعٌ ج مُولَعُونَ: مەپتۇن بولغۇچى، ھەۋەس قىلغۇچى.

مُولَعٌ بِالْمُوسِيقَى الْعَتِيقَةِ: كلاسسىك مۇزىكا ھەۋەسكارى.

مُوَلِّدٌ: تۇغۇت دوختۇرى.

مُوَلَّدٌ ج مُوَلَّدُونَ: شالغۇت، پىرىۋوتكا.

مُوَلِّدَةٌ ج مُوَلِّدَاتٌ: ئاكۇشېر، تۇغۇت ئانىسى.

مُوَلِّدَاتٌ كَهْرَبَائِيَّةٌ: توك چىقىرىش سايمىنى، دىنام.

بَيِّنَةٌ مُوَلَّدَةٌ: شۇبھىلىك، گۇمانلىق.

مَوْلُودٌ ج مَوَالِيدُ: بوۋاق، گۆدەك، تۇغۇلغان.

﴿وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ ‹قرآن›: ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك.

هِيَ مِنْ مَوَالِيدِ سَنَةِ كَذَا: ئۇ پالانى يىلى تۇغۇلغان.

مَوْلَوِيٌّ: خوجايىنغا مەنسۇپ، ھۆكۈمرانغا مەنسۇپ، زاھىت، چوڭ ئالىم.

مَوْلَوِيَّةٌ: ئەسلى تەسەۋۋۇپتىن بىر پىرقە بولۇپ جالالىدىن رومىيغا نىسبەت بېرىلىدۇ، مۇشۇ پىرقىلەر بېشىغا كىيىدىغان ئۇزۇن يۇڭ كۇلاھ.

مَوْلًى ج مَوَالٍ: ئىگە، خوجايىن، شەپقەتچى، شاپائەتچى، شېرىك، دوست؛ ئوغۇل، جىيەن، تاغا، كۈيئوغۇل، مېھمان، قوشنا، ئازاد قىلىنغان قۇل.

الْمَوْلَى عَزَّ وَجَلَّ: خۇدا، تەڭرى، ئاللاھ.

﴿نِعْمَ الْمَوْلَى وَنِعْمَ النَّصِيرُ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

مُومٌ: سېرىق موم.

مُومُ الْحَائِكِ: چاق (يىپ ئېگىرىدىغان).

مُومَأٌ إِلَيْهِ: ئىشارەت قىلىنغان.

مُومِسٌ . مُومِسَةٌ ج مُومِسَاتٌ: پاھىشە ئايال، جالاپ.

مُومُوقٌ: سۆيۈملۈك، قەدىردان.

مُومِيَا . مُومِيَاءُ ج مُومِيَاوَاتٌ . مُومِيَّةٌ ج مُومِيَّاتٌ: مومىيا.

مُونَةٌ ج مُوَنٌ: ئوزۇق-تۈلۈك، ئاشلىق، يېمەكلىك، تەمىنات.

بَيْتُ الْمُونَةِ: ئامبار، قازناق.

مَوْهِبَةٌ ج مَوَاهِبُ: تالانت.

الْمَوَاهِبُ الْفِطْرِيَّةُ: تۇغما قابىلىيەت، تەبىئىي قابىلىيەت.

الشِّعْرُ مَوْهِبَةٌ: شېئىر يېزىش بىر خىل تالانت.

لَهُ مَوَاهِبُ مُمْتَازَةٌ فِي الرِّيَاضِيَّاتِ: ئۇنىڭ

ماتېماتىكىدا ئالاھىدە قابىلىيىتى بار.

مُوْهِنٌ: ئاجىزلاشتۇرغۇچى، مەغلۇپ قىلغۇچى.

﴿وَأَنَّ اللّٰهَ مُوهِنُ كَيْدِ الْكَافِرِينَ﴾ ‹قۇرئان›: ئـاللاھ كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر.

مَوْهُوبٌ: تەقدىم قىلىنغان، سوۋغا قىلىنغان.

مَوْهُوبٌ ج مَوْهُوبُونَ: تالانتلىق.

كَاتِبٌ مَوْهُوبٌ: تالانتلىق يازغۇچى.

شَاعِرٌ مَوْهُوبٌ: تالانتلىق شائىر.

رَسَّامَاتٌ مَوْهُوبَاتٌ: ئىستىداتلىق رەسساملار.

مَوْهُومٌ: خىيالىي، ئەپسانە، مەۋھۇم.

مَوَّانٌ ج مَوَّانَةٌ: ئوزۇق-تۈلۈك يىغقۇچى، ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلىگۈچى.

مَوَّتَ يُمَوِّتُ تَمْوِيتًا: ئۆلتۈردى، ئۆلۈم جازاسى بەردى.

مَوَّتَ نَفْسَهُ: ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى، ئۆلۈۋالدى.

مَوَّتَتِ الدَّوَابّ: چارۋىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى.

مَوَّلَ يُمَوِّلُ تَمْوِيلًا: مال بەردى، مال بىلەن تەمىنلىدى.

مَوَّلَ الْمَشْرُوعَ: پىلانغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

مَوَّهَ يُمَوِّهُ تَمْوِيهًا الْمَوْضِعَ: جاي سۇلۇق بولدى.

مَوَّهَ الشَّيْءَ: نەرسىگە ئالتۇن يالاتتى.

مَوَّهَ الْحَقَّ: ھەقىقە ساختىنى ئېلىشتۇردى، راستقا يالغاننى ئارىلاشتۇردى.

مَوَّهَ عَلَيْهِ الْخَبَرَ: يالغان خەۋەر يەتكۈزدى.

مِيْتٌ: يىرا، سەھرا، كەنت، يىرا-قىشلاق.

مَيْتٌ ج أَمْوَاتٌ وَمَوْتَى وَمَيْتُونَ م مَيْتَةٌ ج مَيْتَاتٌ: جەسەت، مۇردا، ئۆلۈك، مېيىت، تاپ.

دَجَاجَةٌ مَيْتَةٌ: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان توخۇ.

﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ﴾ ‹قۇرئان›: سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە چوشقا گۆشى ھارام قىلىندى.

مَيَاعَةٌ: ئاقماق، ئاقچىلىماق.

مُيَاوَمَةٌ: كۈن بويىچە ھەق ھېسابلىماق، كۈنلۈك ئىشلىمەك، مەدىكارچىلىق قىلماق.

عُمَّالُ الْمُيَاوَمَةِ: كۈنلۈك ئىشچى، كۈنلۈكچى، مەدىكار.

مَيْئُوسٌ: ئۈمىدسىزلەنگەن.

مَرَضٌ مَيْئُوسٌ: داۋالىغىلى بولمايدىغان كېسەل، ساقايماس كېسەل.

«مُسْتَقْبَلٌ مَيْئُوسٌ مِنْهُ»: ئىستىقبالى يوق، ئىستىقبالدىن ئۈمىد ئۈزگەن.

«إِعَانَةٌ مَيْؤُوسٌ مِنْهَا»: ئۈمىد يوق ياردەم.

مِيْبَلٌ: توقماق، كالتەك.

مِيْتَافِيزِيّ: مېتافىزىكىلىق.

مِيْتَافِيزِيَّةٌ: مېتافىزىكا.

مِيْتَةٌ: ئۆلۈم ھالىتى، ئۆلۈمنىڭ تۈرى.

مَاتَ فُلَانٌ مِيْتَةً رَضِيَّةً: ئاسان ئۆلدى.

الصَّدَقَةُ تَمْنَعُ مِيْتَةَ السُّوءِ: سەدىقە كىشىنى يامان ئۆلۈمدىن ساقلايدۇ.

مُيَتَّمٌ: يېتىم بالا.

مَيْتَمٌ: يېتىم - يېسىرلار ساناتورىيىسى.

أَرْضٌ مِيْثَاءُ: يۇمشاق يەر.

مِيْثَاقٌ ج مَوَاثِيقُ وَمَيَاثِيقُ: شەرتنامە، ئەھدىنامە، كېلىشىم، قانۇنلار توپلىمى.

مِيْثَاقُ عَدَمِ الْإِعْتِدَاءِ: ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى.

مِيْثَاقُ السَّلَامِ: تىنچلىق ئەھدىنامىسى.

مِيْثَاقُ جَمْعِيَّةِ الْأُمَمِ: خەلقئارا بىرلەشمە نىزامنامىسى.

مِيْثَاقُ هَيْئَةِ الْأُمَمِ الْمُتَّحِدَةِ: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى.

﴿وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَاقاً غَلِيظاً﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلاردىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق.

مِيثَاةٌ ج مَوَاثِيءُ: ياغاچ، توقماق.

مِيثَبٌ ج مَوَاثِبُ وَمَيَاثِبُ: ئولتۇرغۇچى، ئېگىز جاي، تۈزلەڭ يەر، ئېرىق، ئۆستەڭ.

مِيثَرَةٌ ج مَوَاثِرُ وَمَيَاثِرُ: ياستۇق، تەكيە.

مِيثُولُوجِيَا: رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەك، ئويدۇرما، سەپسەتە.

مَيْجٌ: قاناتلىق بېلىق، ئۇچار بېلىق.

مِيجَارٌ: توپ كالتىكى؛ تاياق، ساپ.

مِيجَرٌ: دورا قاتارلىقلارنى ئېغىزغا قۇيۇپ ئىچكۈزۈپ قويىدىغان ئەسۋاب.

مِيجَرَةُ الدَّوَابِّ: ھايۋانلارغا دورا ئىچكۈزۈلىدىغان ئەسۋاب.

مِيحَارٌ: ساپ، ئۇچى ئەگرى تاياق.

مَيْدٌ: تەۋرىنىمەك، ئىرغاڭلىماق، چايقالماق، تۇراقسىزلىق؛ لېكىن.

«أَنَا أَفْصَحُ الْعَرَبِ مَيْدَ أَنِّي مِنْ قُرَيْشٍ وَنَشَأْتُ فِي بَنِي سَعْدِ ابْنِ بَكْرٍ» ‹حديث›: مەن ئەرەبلەر ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىكى، شۇنىسى باركى، مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن چىقىپ سەئىد ئىبنى بەكرى ئايمىقىدا ئۆستۈم.

مَيْدَاءُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ غايىسى، چەك - چېگرىسى.

هَذَا مَيْدَاءُ ذَالِكَ: بۇ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا.

مَيْدَاعَةٌ ج مَوَادِعُ: شالداما، پەرتۇق، كونا كىيىم.

مِيدَالِيَةٌ ج مِيدَالِيَاتٌ: مېدال، ئىزناك، بەلگە.

مَيَدَانٌ: تەۋرىنىمەك، ئىرغاڭلىماق، پۇلاڭلىماق، تۇراقسىزلىق، لىڭشىماق، چايقالماق، مەدىرلىماق.

مَيْدَانٌ / مِيدَانٌ ج مَيَادِينُ: مەيدان، بوشلۇق، بوش يەر، بىكار جاي، دائىرە.

مَيْدَانُ الْحَرْبِ: جەڭ مەيدانى، فرونت، ئۇرۇش مەيدانى.

مَيْدَانُ السِّبَاقِ: ئات بەيگىسى مەيدانى.

مَيْدَانُ الْمُسَابَقَاتِ: تەنتەربىيە مەيدانى.

مَيْدَانُ السِّيَاسَةِ: سىياسىي سەھنە.

مَيْدَانُ ألآيِّ: پارات، كۆرەك.

فِي مَيْدَانِ الثَّقَافَةِ: مەدەنىيەت ساھەسىدە.

مَيْدَانُ الشُّهَدَاءِ: قۇربانلار خاتىرە مەيدانى.

مَيْدَانِيٌّ: نەق مەيدان.

تَحْقِيقٌ مَيْدَانِيٌّ: نەق مەيدان تەكشۈرۈشى.

مِيدَةٌ: تاماق ئۈستىلى، شىرە؛ داستىخان.

مِيدَعٌ . مِيدَعَةٌ: پەرتۇق، شالداما، كونا كىيىم.

كَلَامٌ مِيدَعٌ: كىشىنى رەنجىتىدىغان سۆز.

مَيْرٌ . مِيرَةٌ: تەمىنات، ئاشلىق، ئوزۇق-تۈلۈك، يېمەكلىك.

مِيرَاثٌ ج مَوَارِثُ: مىراس.

﴿وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ﴾ ‹قرآن›: ئاسمانلار ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر.

مِيرَالَايٌ ج مِيرَالَايَاتٌ: شاگشياۋ (ھەربىي ئۇنۋان)، پولكوۋنىك.

مَيْرُوقٌ: قۇرۇپ سولىشىپ كەتكەن، قۇرۇپ سولىشىش ئاپىتىگە ئۇچرىغان؛ سېرىقلىق كېسەللىكىگە دۇچار بولغان، ھال كېسىلىگە ئۇچرىغان.

مِيرِي: ھۆكۈمەتنىڭ، ئومۇمنىڭ، دۆلەتنىڭ، جامائەتنىڭ، ئاممىۋى.

مِيزَابٌ ج مَيَازِبُ: تۇرۇبا، نو.

مِيزَانٌ: ئادىل، ئادىللىق، ئادالەت.

مِيزَانٌ ج مَوَازِينُ: تارازا، جىڭ، گىر، ئۆلچەم.

مِيزَانُ ثِقْلِ الْهَوَاءِ: بارومېتىر (ھاۋا بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب).

مِيزَانُ حَرَارَةٍ: تېرمومېتىر، گرادۇس.

﴿ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ ﴾ ‹قرآن›: ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار.

مِيزَانِيَّةٌ ج مِيزَانِيَّاتٌ: قەرز ئېلىنغان، بېرىلگەن هېساباتنى سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى، بالانس جەدۋىلى، خام چوت.

مِيزَانِيَّةٌ مَالِيَّةٌ: خام چوت، بيۇدژېت.

أَبْوَابُ الْمِيزَانِيَّةِ: خام چوت تۈرلىرى.

مِيزَةٌ ج مِيزَاتٌ: خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىك.

عَلَى الْمُتَرْجِمِ أَنْ يَنْتَبِهَ لِمِيزَاتِ اللُّغَتَيْنِ: تەرجىمان ئىككى تىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

مِيسَانٌ: مۈگدىگۈچى، ئۇيقۇ باسقۇچى، تەمكىنلىكىدىن ئۇيقۇ باسقاندەك كۆرۈنىدىغان ئادەم.

مَيْسِرٌ: قىمار.

﴿ يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇلار سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ هەر ئىككىلىسىدە چوڭ گۇناھ ... بار دېگىن.

مَيْسَرَةٌ: ئاسانلىق، بايلىق.

﴿فَنَظِرَةٌ إِلَى مَيْسَرَةٍ﴾ ‹قۇرئان›: ئۇنىڭ هالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار.

مَيْسَرَةٌ ج مَيَاسِرُ: سول تەرەپ.

مَيْسَرَةُ الْجَيْشِ: سول قانات قوشۇن.

مُيَسَّرٌ: ئوڭۇشلۇق، تەييارلانغان، باي.

مِيسَمٌ ج مَيَاسِمُ: دەزمال، داغمال؛ ئىز، ئەسەر.

مَيْسُورٌ ج مَيَاسِيرُ: ئوڭۇشلۇق، ئاسان.

مِيشَارٌ: ھەرە.

مِيشَاقٌ ج مَوَاشِيقُ وَمَيَاشِيقُ: ئاچقۇچنىڭ چىشى.

مِيضَانَةٌ ج مَوَاضِينُ وَمَيَاضِينُ: قوش ساپاقلىق سېۋەت.

مِيضَأَةٌ ج مِيضَاءَةٌ: يۇيۇنۇش ئۆيى، تاھارەت ئالىدىغان جاي.

مِيضَأَةُ الْمَسْجِدِ: مەسجىدنىڭ تاھارەت ئالىدىغان جايى.

مِيضَنَةٌ ج مَوَاضِنُ: چىبىتا، قاپ.

مِيطَدَةٌ: خالىڭ، يەر چىڭداش كۆتىكى.

مِيظَبٌ ج مَوَاظِبُ وَمَيَاظِيبُ: ياپىلاق كەلگەن يۇملاق تاش.

مَيْعٌ. مَيْعَةٌ: ئاقماق، تاماق، تامچىلىماق.

مَيْعَةُ الشَّبَابِ: ياشلىقنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى.

مِيعَادٌ ج مَوَاعِدُ: ۋەدىلەشكەن جاي، ۋەدىلەشكەن ۋاقىت.

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُخْلِفُ الْمِيعَادَ﴾ ‹قۇرئان›: ئاللاھ ۋەدىسىگە ئەلۋەتتە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

مِيعَادُ الْأَصْدِقَاءِ: دوستلارنىڭ ۋەدىلەشكەن جايى ياكى ۋاقتى.

زَارَهُ مِنْ غَيْرِ مِيعَادٍ: ئۇنى ۋاقىتسىز يوقلىدى.

صَدَرَتِ الْجَرِيدَةُ فِي مَوَاعِيدِهَا: گېزىت ئۆز ۋاقتىدا چىقتى.

مَوَاعِيدُ عُرْقُوبٍ: يالغان ۋەدە.

مَوَاعِيدُ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈش ۋاقتى.

مِيعَاسٌ ج مَوَاعِيسُ: كۆچمە قۇم.

مَيْعَانٌ: سۇيۇقلۇق هالەت.

مِيغَرٌ ج مَوَاغِرُ وَمَيَاغِرُ: ۋەدىلەشكەن ۋاقىت.

مِيفَاضٌ: يۈگۈرگەك.

نَاقَةٌ مِيفَاضٌ: يۈگۈرۈك تۆگە.

مَيْفَعَةٌ: ئېگىزلىك، تۆپىلىك.

مَيْقًى: دۆڭلۈك، تونۇر يايقۇچى، خۇمدان.

مِيقَابٌ ج مَوَاقِبُ وَمَيَاقِبُ: پىيەنچۈك.

مِيقَاتٌ ج مَوَاقِيتُ: بەلگىلىك، مۇددەتلىك، ۋاقىتلىق، بەلگىلەنگەن ۋاقىت، بەلگىلەنگەن جاي.

مَوَاقِيتُ الْحَجِّ: ھەج قىلىش ۋاقىتلىرى.

مَوَاقِيتُ الْحَاجِّ: ھەج قىلغۇچىنىڭ ئېھرام باغلايدىغان جايلىرى.

﴿ يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ ﴾ ‹قرآن›: (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى «ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا ـ سېتىق ۋە مۇئامىلە قاتارلىق) ئىشلىرىنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلاش ئۈچۈندۇر».

مِيقَاتِيٌّ: ۋاقىت ھېسابلىغۇچى.

مِيقَانٌ: گول ئادەم، ئاڭلىغانىلا ئىشىنىدىغان ئادەم.

مِيقَبٌ ج مَوَاقِبُ وَمَيَاقِبُ: قولۇلە قېپى.

مِيقَعَةٌ ج مَوَاقِعُ: چۈشۈش ئورنى؛ بىلەي.

مِيكْرُوبٌ: باكتېرىيە، مىكروب، مىكرو ئورگانىزم.

مِيكْرُوسْكُوبٌ: مىكروسكوپ.

مِيكَعَةٌ ج مِيكَعٌ: ساپان، سۆگەك.

مِيكَعَةُ الْمِحْرَاثِ: ساپان چىشى.

مِيلَ يَمِيلُ مَيْلًا: قىڭغايدى، قىيسايدى.

مَيْلٌ: ئەگرى، قىڭغىر، سىڭايان، يۈزلىنىش، بىر تەرەپكە ئېغىش، مايىل بولۇش.

مِيلٌ ج أَمْيَالٌ: كۆز تاياقچىسى (كۆزگە دورا تېمىتىدىغان).

مِيلُ الْجَرَّاحِ: ئۈلچىگۈچ؛ مۇساپە كۆرسەتكۈچ، تەخمىنەن 1609 مېترغا تەڭ.

مِيلٌ بَحْرِيٌّ: دېڭىز مىلى (1852 مېترغا تەڭ).

مِيلَادٌ ج مَوَالِيدُ: تۇغۇلغان ۋاقىت.

عِيدُ الْمِيلَادِ: مىلاد بايرىمى.

شَهَادَةُ الْمِيلَادِ: تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى.

مِيلَادِيٌّ: مىلاد، مىلادىيە.

سَنَةٌ مِيلَادِيَّةٌ: مىلادىيە يىلى، شەمسىيە يىلى (بۇ 365 كۈن ۋە بىرقانچە سائەت بولىدۇ).

مُيَمَّنٌ: بەختلىك، تەلەيلىك.

مُيَمَّنُ الطَّائِرِ: قۇتلۇق، مۇبارەك.

مَيْمَنَةٌ ج مَيَامِنُ: ئوڭ، ئوڭ تەرەپ.

مَيْمَنَةُ الْجَيْشِ: ئوڭ قانات قوشۇن.

«اِبْدَأْنَ بِمَيَامِنِهَا وَمَوَاضِعِ الْوُضُوْءِ مِنْهَا» ‹حديث›: «سىلەر ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ يۇيۇڭلار، تاھارەت ئېلىشنىڭ تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلسۇن».

«إِذَا لَبِسْتُمْ وَإِذَا تَوَضَّأْتُمْ فَابْدَؤُوْا بِمَيَامِنِكُمْ» ‹حديث›: «سىلەر كىيىم كىيگەندە، تاھارەت ئالغاندا ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار».

مَيْمُوْنٌ: مۇبارەك، بەرىكەتلىك، تەلەيلىك.

مَيْمُوْنُ الطَّائِرِ: قۇتلۇق، مۇبارەك.

سِرْ عَلَى الطَّائِرِ الْمَيْمُوْنِ: ئاق يول بولسۇن.

مَوْلُوْدٌ مَيْمُوْنٌ: بەختلىك بوۋاق.

سَفَرٌ مَيْمُوْنٌ: قۇتلۇق سەپەر.

سَافَرَ عَلَى الطَّائِرِ الْمَيْمُوْنِ: ئايروپىلان بىلەن سەپەر قىلدى.

مَيْنٌ ج مُيُوْنٌ: يالغان، يالغان ـ ياۋىداق سۆز.

مِيْنَاءٌ ج مَوَانٍ وَمَوَانِئُ: پىرىستان، پورت، سىر، سائەتنىڭ ماگنىتلىق يۈزى.

طَلَى الشَّيْءَ بِالْمِيْنَاءِ: سىرلىدى.

مِيْنَاءُ السَّاعَةِ: سائەتنىڭ يۈزى.

مِيْنَاءٌ جَوِّيٌّ: ئايروپىلان ئىستانسىسى، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى.

مَيَّارٌ: ئاشلىق سودىگىرى.

مَيَّاسٌ: ئىرغاڭلىغۇچى، ئىرغاڭلاپ ماڭغۇچى.

قَدٌّ مَيَّاسٌ: غۇنچە بوي، نازۇك قامەت.

مَيَّانٌ: يالغانچى، كاززاپ.

مَيِّتٌ ج مَيِّتُوْنَ م مَيِّتَةٌ ج مَيِّتَاتٌ: جەسەت، مۇردا، ئۆلۈك، مېيىت، تاپ.

دُيُوْنٌ مَيِّتَةٌ: ئۆلگەن قەرز، قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان قەرز.

لَا حَيٌّ فَيُرْجَى وَلَا مَيِّتٌ فَيُنْسَى: ئۈمىد كۈتۈلىدىغان

تىرىك ئەمەس، ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان ئۆلۈك ئەمەس.

اَلْبَحْرُ الْمَيِّتُ: ئۆلۈك دېڭىز.

﴿وَيَأْتِيهِ الْمَوْتُ مِن كُلِّ مَكَانٍ وَمَا هُوَ بِمَيِّتٍ﴾ «قرآن»: ئۆلۈم ئۇنى قورشىۋالىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

مَيَّثَ يُمَيِّثُ تَمْيِيثًا الشَّيْءَ فِي الْمَاءِ: نەرسىنى ئېرىتتى.

مَيَّحَ يُمَيِّحُ تَمْيِيحًا الْغُصْنُ: شاخ پۇلاڭلىدى.

مَيَّحَ السَّكْرَانُ: مەست لەلەڭشىدى.

مَيَّزَ يُمَيِّزُ تَمْيِيزًا الشَّيْءَ: تاللىدى، تاللىۋالدى، ئىلغىدى، خىللىدى.

مَيَّزَ بَيْنَهُمْ: پەرق ئەتتى، پەرقلەندۈردى.

مَيَّزَ الرَّجُلَ: كىششىگە ئىمتىياز بەردى، ئالاھىدە ھوقۇق بەردى.

مَيَّلَ يُمَيِّلُ تَمْيِيلًا: قىڭغايتتى، قىيسايتتى، مايىل قىلدى.

مَيَّلَ الْوِعَاءَ: قاچىنى كۆمتۈردى، ئاغدۇردى.

مَيَّلَ بَيْنَ الْأَمْرَيْنِ: ئارىسالدى بولدى.

مَيُّوَةٌ: سۇ ئۈزۈش كىيىمى.